

# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

1998 · 2

ISSN 1002-9206

04>

9 771002 920009

www.uyghurkitap.com

# «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سانى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ شېرىن مېۋىسى





مەرىپەت سۆيەر رەھبەرلەر ئىزچىل قوللىدى، ئىلھام بەردى.

سۈرەتتە: خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتىمىن ئەدەبىي پائالىيەتلەردە ھەمىشە ئاپتورلار بىلەن بىللە بولدى.



ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيو لىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ يوليورۇق بەردى ۋە ئاپتورلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

سۈرەتلەرنى: سىدىق قاۋۇز، ئابدۇللا ئۆمەر، تۇرسۇنجان مۇھەممەتلەر تارتقان.

# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2
1998

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا مەتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون توققۇزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 100 ـ سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بۇ سانىدا

### مەخسۇس سەھىپە

بېغىشلىما ۋە تەبرىكلەر ........................................ 1

كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراش .......... (ماقالە) .......... نۇرى مۇھەممەت توختى 9
100 شاخ چىقارغان خاسىيەتلىك چىنار ...... ( 〃 ) .......... مۇھەممەتتوختى ئەخمەت 14
«قاشتېشى» جۇلاسىدىن ھېكايە ئىجادىيىتىگە بىر نەزەر ...... ( 〃 ) .......... ئەنۋەر موشۇر 18

### نەسرىي ئەسەرلەر

ستۇدېنتلار ياتىقى .......... (پوۋېست) .......... مەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار 26
ئۇ مېنىڭ ئاكام .......... (ھېكايە) .......... ئالتۇنگۇل رەجەپ 42
سامان يولى .......... ( 〃 ) .......... تۇرسۇنجان مۇھەممەت 54
ئىككى ھېكايە .......... ( 〃 ) .......... مۇھەممەت تەشنائى 76

### شېئىرلار

«يېڭى قاشتېشى»غا مەدھىيە .......... جاپپار ئەمەت 23
ئاتكرېتكىغا يېزىلغان شېئىرلار .......... ئابدۇللا سۇلايمان 23
شېئىرلار .......... نامانجان تۇرسۇن 24
شېئىرلار .......... روزى سايىت 46
شېئىرلار .......... ئابدۇقادىر مەتسىدىق 49
ئۇخلاپ قالغىن چۈشلىرىڭنى قۇچاقلاپ .......... ئەركىن داۋۇت ئوغۇز 50
ئىككى شېئىر .......... ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) 52
غەزەللەر .......... چوپانى 53
شېئىرلار .......... ئابدۇلئەھەد قادىرى 86
قىز تۇغۇلدى .......... دولقۇن جاپپار 87
شېئىرلار .......... ھۆرنىسا تۇردى 88
ۋەتەن ھەققىدە غەزەللەر .......... ئىدرىس مەتسېيىت (قەدىناس) 89

### ماقالىلەر

شېئىر ـ شائىر ھاياتى كۈچىنىڭ نامايەندىسىدۇر .......... مۇھەممەت چاۋار 82

### نەسرلەر

قاغجىراش ..........(چاتما نەسرلەر).......... يۈسۈپجان ئىمىن جەۋلانى 80
نەسرلەر .......... ھاشىمجان ئابدۇراخمان 81

### كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

ئەسقەرى سۈپۈرگە ئاخۇن شېئىرلىرى .......... نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىزامىدىن توختى 90

### ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار .......... 95

---

مۇھەررىرلەر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسىلىم مەتقاسىم.
مۇقاۋىدا: گۈل جورى قادىر فوتوسى.
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مۇقاۋا لاھىيىلىگۈچى: ئابدۇغېنىجان نىياز.
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

## 100 ساڭغا مۇبارەك!

### بېغىشلىما ۋە تەبرىكلەر

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى
تەشۋىق قىلىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر
نىڭ ئەدەبىي سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە
تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغايلا

تۆمۈر داۋامەت

1998 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# بېغىشلىما

«قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 - سانى —
دىيارىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئېچىلغان گۈل -
چېچەكلەردىن كىشىلەرگە سۇنۇلغان چوڭ ئالقىش
تەۋەللۇدىستە، ئىشتىراكلىق سوۋغا.
ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇشۇ بىر مەزگىلدە ئە-
دىبلىرىمىزنىڭ «2 ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «بارلىق
گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-
بەستە سايراش» فاڭجېنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات،
تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يارىتىلغان
نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى
ئۈمىد قىلىمەن.

جۇرئەت ئەمەتنىياز
1998 - يىلى مارت.

(خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ كەلدى. ژۇرنالنىڭ 100 سان چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنال ئەتراپىدىكى ئاپتورلار ۋە ژۇرنال ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان بارلىق مۇھەررىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

**شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى**

1998 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەيمىز. ژۇرنال بۇ جەرياندا نۇرمەھەممەت توختى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاپتورلارنى يېتىشتۈردى. بۇ ئاپتورلار مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشۇش بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگىمۇ بەلگىلىك ھەسسە قوشتى. بىز «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1998 - يىل 5 - مارت.

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 - سانىنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز. شۇنداقلا ژۇرنالنىڭ كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

**شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى**

1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

## «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

بۈگۈنكى خوتەن ــ قەدىمكى ئۇدۇن ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئالتۇن بۆشۈك. ئۇ، مول قەدىمىي مىللىي مەدەنىيەت بىلەن رەڭگارەڭ جاھان مەدەنىيىتى بىرىكىپ، شانلىق مەدەنىيەت بەرپا قىلىنغان گۆھەر زېمىن. ئەزىم يۇرۇڭقاش مۇقەددەس قاراقۇرۇمنىڭ كۆز چەشمىلىرىدىن باشلىنىپ، گۆھەر تاش چايقاپ، چىمەن قىرغاقلىرىدا پەرھادتەك بەردەم، قەلبى قاشتېشىدەك پاك پەرىشتىلەرنى ئەللەيلەپ ئېقىپ كەلدى. بۇ يەردە يۇلتۇزدەك نۇرغۇن ئەزىمەت ئەرلەر، مۇتەپەككۇر ئەدىبلەر، چېۋەر ئۇستىلار، ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلار ياشىدى ۋە ئۆز دەۋرىدە پارلاق سەھىپە قالدۇردى. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئەنە شۇ ئالتۇن سەھىپىلەرنىڭ دەۋرىمىزدىكى بىر ۋارىسىدۇر. ئۇ نەشىر قىلىنغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان قەلەمكەشلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، خەلققە ئىلھام ـ زوق ئاتا قىلىدىغان، كۈچ ـ جاسارەت، ئەقىل ـ پاراسەت بېغىشلايدىغان مول مەزمۇنلۇق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كەڭ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

بىز بۇ مۇبارەك ژۇرنالنىڭ 100 سان نەشىر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قاشتېشى دىيارىدىكى ئەزىز قەلەمكەش دوستلارغا، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا بىخلىنىپ، پورەكلەپ مېۋىگە كىرىۋاتقان ئىجادىيەت شەيدالىرىغا، قاشتېشىدەك پاك ۋە سۈزۈك تەر ئەجرى بىلەن ئۇ باغنى پەرۋىش قىلىۋاتقان مۇھەررىرلەرگە قىزغىن سالام يوللايمىز ھەمدە ژۇرنالنىڭ 100 تويىنى چىن قەلبىمىزدىن قۇتلۇقلايمىز. مۇبارەك بولسۇن!

بىز «يېڭى قاشتېشى» نىڭ 100 جۇلا بىلەن پارلىغان توي مەرىكىسىگە مۇشەررەپ بولالمىغانلىقىمىزدىن ھىجران چېكىمىز...

ئۈمىدىمىز شۇكى، «يېڭى قاشتېشى» يېڭى دەۋردە يېڭى جۇلاغا كىرگەي!

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
1998 ـ يىل. مارت

## «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە:

قاشتېشى دىيارىنىڭ ئەزىز تۇپرىقىدا ئۆزگىچە رەڭ بىلەن چېچەكلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارىغا ئۆزىنىڭ سەر خىل گۈللىرىدىن چىرايلىق گۈلدەستىلەر سۇنۇپ، كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ كېلىۋاتقان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ قۇتلۇق مەرىكىسىگە قەلب ئىزھارىمىزنى يوللايمىز! «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تويىغا مۇبارەك بولسۇن! ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى جاپاكەش، باغۋەن مۇھەررىر كەسىپداشلارغا سەمىمىي سالام!

ھۆرمەت بىلەن:
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى
«شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
1998 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

## تەبرىكنامە

قاشتېشى دىيارى ــ خوتەن ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ئەدەبىي مۇھىتىنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئالەمگە نامايان قىلماقتا. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تۈركۈمى، كۈچلۈك ئاپتورلار قوشۇنى، جانلىق ئەدەبىي پائالىيەتلەر سىزلەر ئاقىلىق روياپقا چىقتى. قېرىنداش،

دوست ژۇرنال بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مېھنىتىڭلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

100 سانىڭلارغا مۇبارەك!

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى
1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

## «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ بىغۇبار، نۇرانە ھۆسنى، ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك چاقناپ تۇرغان سەلتەنەتلىك سەھىپىلىرى بىلەن خوتەن دىيارىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇنىڭ تارىخ مۇساپىسىدا بېسىپ ئۆتكەن ئون توققۇز يېشى خۇددى خۇشناۋا بۇلبۇللار خەندان ئەيلىگەن ئون توققۇز باھارغا، ئۇنىڭ 100 سانى بۇ باھاردا ئېچىلغان تۈرلۈك تۈمەن گۈل - چېچەكلەردىن تۈزۈلگەن كۆركەم گۈلدەستىدەك كىشىنى مەھلىيا قىلدى. بىز قەشقەر دىيارىدىكى ھەر مىللەت قەلەمكەشلەر جۈملىدىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق تەھرىر خادىملار «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ژۇرنال تەھرىراتىدىكى بارلىق تەھرىر خادىملارغا سەممىي سالىمىمىزنى يوللايمىز ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

«يېڭى قاشتېشى» — ئۆزىنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك نۇرانە ئوبرازى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر قەلبىدە تېخىمۇ يارقىن جۇلالىسۇن.

ھۆرمەت بىلەن:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
1998 - يىلى 5 - مارت، قەشقەر

## *«يېڭى قاشتېشى» تېخىمۇ نۇرلانسۇن*

«يېڭى قاشتېشى» پارقىراپ نامايان بولغان تۇنجى كۈندىن باشلاپ، خوتەن دىيارى ئۈچۈن، پۈتكۈل خەلقىمىز ئۈچۈن يېڭى بىر خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ 100 دانە گۆھەرگە ئايلىنىپ، ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە مول بايلىق ئاتا قىلدى. ھەر بىر گۆھەر ئۆزگىچە جىلۋە قىلىپ، ئون مىڭلىغان كۆزلەرنى قاماشتۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ سېھىرلىك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئەسىر بولغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، 100 - سانىنى قىزغىن ئالقىشلايمىز. ئۇنىڭ بارغانسېرى نۇرلىنىپ، خوتەن خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە گۈزەل روھى قىياپىتىنى 21 - ئەسىر كىشىلىرىگە تېخىمۇ تونۇتىشىغا تىلەكداشمىز.

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

## *«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان 19 يىلدىن بۇيان خوتەن دىيارىدىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش، كۈچەيتىش جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئويناپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ژۇرنالنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بىز ئىلىمدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرگە ۋاكالىتەن ژۇرنال ئۈچۈن جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەرگە، ژۇرنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بارلىق ئاپتورلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى دەۋرىمىز ئەدەبىيات زېمىنىدا قىممەتلىك قاشتېشىدەك تېخىمۇ يارقىن جۇلا قىلسۇن.

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، يۈكسەك ئابرۇي، ئىناۋەتكە ئىگە بولغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇبارەك 100 ـ سانى نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن قۇتلۇقلايمىز. ژۇرنال ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ تىنىمسىز ئىشلىگەن مۇھەررىرلەرگە، گۈزەل خوتەن دىيارىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. سەممىي سالام يوللايمىز.

بىز ئۈزۈمزار ۋادىسىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىشقا تىلەكداشمىز.

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

*تەبرىكنامە*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 19 يىللىق مۇساپىسىنى غەلىبىلىك بېسىپ، 100 سان ژۇرنالنى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشىر قىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دەۋر روھى كۈچلۈك، قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە تۇرلۇك ژانىردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا شېرىن بەدىئىي زوق ۋە ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

بىز قېرىنداش ژۇرنال بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىغا تىلەكداشمىز.

هۆرمەت بىلەن:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
1998 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان 19 يىلدىن بۇيان دەۋر روھىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە كەڭرى سورۇن هازىرلاپ بېرىپ، خوتەن ۋادىسىنىڭ ساغلام ئەدەبىي مۇھىتىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىنتايىن مۇھىم رولىنى نامايان قىلدى. شۇنداقلا ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇردى. بىز بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىمىز.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 ـ سانىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ـــ قەدىمىي يۇرت خوتەن دىيارىدىكى كاتتا ئەدەبىيات هادىسىسىدۇر! بىز باشىئەگىمىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەر نامىدىن بۇ ژۇرنالنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە هازىرقىدەك يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ ئەتكەن ئەدىبلەر، هەم مۇھەررىرلەرگە سەممىي

يۈرەك سالىمىمىزنى يوللايمىز. شانلىق تارىخىڭلار قۇتلۇق بولغاي! سەپىرىڭلارغا ئاق يول بولغاي!!!

هۆرمەت بىلەن:

باينغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى
«بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
1998 - يىلى 6 - مارت، كورلا.

## «يېڭى قاشتېشى» غا يېڭىچە تىلەك

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

(«شىنجاڭ ياشلىرى»، «سۇبھى (خەنزۇچە)» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس).

ئۆمۈر مۇساپىسىدە 100 يىللىق مەنزىلگە قەدەم قويغان ئادەملەر گەرچە «ئۆمۈر چولپىنى» ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن تەقدىر ئۆمرىنى بەرگەن تەلەيلىك مويسىپىتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. بىراق، تۇغما سانى شەرەپلىك يېڭى سانلارنى تۇغۇپ، ئۆمرى 100 سانلىق نەشرىگە ئۇلاشقان، دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە شانلىق 19 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى بولسا پەقەت «يىگىتلىك يېشىدىكى ژۇرنال» دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭ 100 سانلىق تويىنىمۇ «يىگىت تويى» قاتارىدا قۇتلۇقلاشقىمۇ بولىدۇ.

ئويلىسام، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بىر يىلدا دۇنياغا كۆز ئاچقانىكەن. شۇ يىلى، يەنى 1979 - يىلى ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان سىياسىي قالايمىقانچىلىق ۋە مەنىۋى قەھەتچىلىككە خاتىمە بېرىپ، ئېلىمىزدە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان، ئەمگەكچىلەرنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، تېنىگە كۈچ قېتىلغان، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىلھام قېتىلغان تۇنجى يىل ئىكەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ تېخى 30 غا كىرمىگەن، يېشى ئۆتكەنرەك يىگىت ئىكەنمەن.

خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دەل ئاشۇ ئەھمىيەتلىك يىلدا ئانا يۇرتۇم خوتەن دىيارىدىن ئۇچۇپ كەلگەن «كوئېنلۇن ئەدەبىياتى» («يېڭى قاشتېشى» نىڭ دەسلەپكى نامى) نىڭ تۇنجى سانى قولۇمغا تەگكەندە خوتەن خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان بىر بۇلاقنىڭ، قەلەمكەشلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاۋازىنى ياڭرىتىدىغان بىر مۇنبەرنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتكىنىم يادىمدا.

ئاڭلىشىمچە، «يېڭى قاشتېشى» نىڭ بۇ تۇنجى سانىنى مەرھۇم يازغۇچىمىز قاھار جېلىل نەشرگە تەييارلىغانىكەن. كېيىنچە قاھار ئاكىمىز خوتەندىن يۆتكەلدى. بۇ ژۇرنالغا يەنە نۇرغۇن جان كۆيەر دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قولى تەگدى. ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ غەمگۇزارى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ، بىلىمىنىڭ، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان مۆھتىرەم خوتەن رەھبەرلىرىنىڭ قان - تەرى سىڭدى. پېشقەدەم شائىر - يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆز ژۇرنىلى «يېڭى قاشتېشى» غا ئاتىدى. ئۆز ۋاقتىدا ياش بولغان، ئەمدىلىكتە قەلىمى پىشىپ، مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش يازغۇچى - شائىرلار قاتارىدا دەۋران سۈرۈۋاتقان جان - جىگەر يارەنلىرىمىز «يېڭى قاشتېشى» نىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالدى. ياشلىرىمىز بولسا ئۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق چۇقانلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى...

ئارىدىن ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، 19 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. گۈزەل خوتەن دىيارىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. «يېڭى قاشتېشى» مۇ كۆز چاقنۇدەك

جۇلالاندى. ئۇنى كۆچ ئۇلاپ 100 سانغا يەتكۈزگۈچىلەر، قوللاپ قۇۋۋەتلىگۈچىلەر، ئۆز ئەمگەك مېۋىسىدىن خۇشاللاندى. ژۇرنالچىلىقنىڭ جاپاسىنى 20 نەچچە يىل تېتىپ، ژۇرنالچىلىقنىڭ شەرەپلىكلىكىنى 20 نەچچە يىل ھېس قىلغان مەنمۇ «يېڭى قاشتېشى» نىڭ بارلىق ئاپتورلىرى، ئوقۇرمەنلىرى، ھىمايىچىلىرى بىلەن تەڭ خۇشال بولماقتىمەن!

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 100 سانلىق تويى مۇناسىۋىتى بىلەن تىلىكىم شۇكى، «يېڭى قاشتېشى» ئۆزىنىڭ ساغلام، رەڭدار، سەۋىيىلىك سەھىپىلىرى، يېڭىدىن ـ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يەنە بىر 100 ـ سانىغا، 1000 ـ سانىغا ئۇلاشسۇن، يۇرۇتقاش كەلگۈنىدەك مەڭگۈ ئۆركەشلەپ ئاقسۇن.

1998 ـ يىل. مارت، ئۈرۈمچى.

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

خوتەن قاشتېشى ماكانى، قەدىمىي دىيار خوتەننىڭ مەنىۋى مۇنبىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 19 يىلى ۋە 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى خوتەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ماددىي ئىسپاتى. خوتەندىكى ئىجادكارلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىجادىيەت سەھنىسىدە ئۆز قابىلىيىتىنى، ئىقتىدارىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىگە ئۈچمەس تۆھپىلىرى بىلەن 100 ساننى تەقدىم قىلدى. بۇ پۈتۈن خوتەن خەلقىنىڭ غەلىبىسى بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز خەلقىگە سۇنغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىسى. بىز شىنجاڭ نېفىت سانائىتى سېپىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرگە ۋاكالىتەن سىلەرنىڭ قۇتلۇق تويۇڭلارنى سەمىمىي تەبرىكلەيمىز ۋە ئىجادىيىتىڭلارنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، دېھقان ھەيكىلىدەك گىگانت، يۇرۇتقاش سۈيىدەك شوخ ئېقىن ياسىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، ئاپتورلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

قاراماي شەھەر «مايبۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1998 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

*«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:*

مەتبۇئات ــ خەلق ۋىجدانىدىن كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ۋەھىيلەرنى ئالدى بىلەن مەنىۋى تارىخقا ئايلاندۇرۇشتۇر.

بىر ژۇرنال ــ بىر ئاسمان، ئۇنىڭدا نۇرغۇن قەلب يۇلتۇزلىرى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. تارىخ سەپىرىنى قىلىۋاتقان خەلق ئاشۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ توغرا نىشان تاللايدۇ.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 100 سان نەشر قىلىنىش جەريانىدا خەلق سۆيىدىغان بىر قاتار ئاپتورلارنى سەھنىگە چىقاردى. دىيارىمىز خوتەننىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان يەرلىك ئەدەبىياتنى روياپقا كەلتۈردى. مۆلچەرلىگۈسىز بۇ تۆھپىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ يارقىنلىشىدۇ.

ھايات دەرياسىدىكى قاشتېشىنى سۈزمەك تېخىمۇ قىيىن. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى قاشتېشى سۈزگىچە بىر دۇنيا، سۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر دۇنيادۇر. تۇرمۇش بىر دۇنيا، ئەمما ئۇنى قەغەزدىن كۆرسە باشقا بىر دۇنياغا ئايلىنىدۇ.

خوتەن دىيارىدىكى سۆيۈملۈك قەلەمكەشلەرگە قىزغىن سالام يوللايمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن: **ئابدۇقادىر جالالىدىن**

1998 ـ يىل 9 ـ مارت، ئۈرۈمچى.

نۇرى مۇھەممەت توختى

# كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراش

(ماقالە)

1

شاھانە سوۋغات توققۇز قېتىم توققۇز بويىچە سۇنۇلىدۇ. مەلۇم ھەرىكەت توققۇز قېتىم توققۇز تەكرارلانغاندا خاسىيەتلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ. «غەرىبكە ساياھەت» تە مۇقەددەس ئىش يولىدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇمۇ توققۇز قېتىم توققۇز سادىر بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. . . ئاران سەكسەن بىر، شاھانە سوۋغات توققۇز قېتىم توققۇزدىن ئېشىپ كەتسە، نېمە بولماقچى؟ شاھنىڭ توقسانى تولارمۇ؟ پەيمانى توشارمۇ؟ خۇراپات دېگەن مانا شۇ.

مەن ئون قېتىم ئون سوۋغاتقا ئېرىشتىم. باشقىلارمۇ ئون قېتىم ئون سوۋغاتقا ئېرىشتى. ھەممىمىزنىڭ ئېرىشكىنى ئوخشاش، ئېسىل، سۈزۈك، نۇرانە «قاشتېشى». خوتەندە، قاشتېشى ئىزدىگەنلەر، قاشتېشى تاپقانلار، قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلار تېز پۇرسەتتىلا بايغا ئايلىنىدۇ. ئون قېتىم ئون «قاشتېشى» سوۋغاتقا ئېرىشكەن بىز، باي ھېسابلانمايمىزمۇ؟ بايلىقىمىزنى كۆز - كۆز قىلىشقا، ھاكاۋۇرانە گىدىيىشقا، پەشتاققا چىقىپ شادلىق ناغرىسى ئۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىقى بىز:

«ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونلىسى تىللادىن»

بۇيەردە بۇنى ئەلۋەتتە سەل - پەل ئۆزگەرتىش كېرەك.

«ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونلىسى قاشتېشى».

مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇللا بارات (مەجنۇن) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ھېلىقى پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتلار» غا سېلىشتۇرغاندا، بىز ھەقىقەتەن باي. قولىمىزدا ئون ئون «قاشتېشى» تۇرۇپتۇ. تولۇق يۈز . . . بۇ سىزگىمۇ تەئەللۇق سۆز. سىزمۇ ئاشۇنداق ئېيتالايسىز. بىز ھەممىمىز ئون ئون «قاشتېشى» ئىگىسى بولغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق!

2

جاھاندا نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا كونىراپ تۇرىدۇ. ئەتىۋارلىقتىن بىئەتىۋارلىققا ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى؛ ئەڭ قەدىمىي، مەڭگۈ كونىرىمايدىغان ۋە دائىمىي يېڭى نەرسە يەنىلا قاشتېشىدۇر. قاشتېشىنىڭ ئەڭ قەدىمىي قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكى مۇنازىرىسىزدۇر. ياراتقۇچى ئالەمنى بىنا قىلغاندا، قاشتېشىنى تەڭ ئاپىرىدە قىلغانمۇ ياكى كېيىن قارا قۇرۇمدا سىرلىق تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدا ئاستا - ئاستا شەكىللەنگەنمۇ، ئاپتورنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ۋە گېئولوگىيىلىك بىلىملىرى كەم

بولغانلىقتىن، بۇلارغا ئىنىق ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىز. لېكىن شۇ نەرسە روشەنكى، ئەلمىساقتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ۋە يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدا قاشتېشى زادىلا ئۈكسۈپ قالغىنى يوق. ئۇ ئىزدىگەنلەرگە ئۇچراپ تۇردى. ئەتىۋارلىغانلارنىڭ ئىلكىدە دائىم ئەتىۋارلىنىپ كەلدى. بۇنى نېمىگە تەققاس قىلىش مۇمكىن؟

ئۇيغۇرلاردا خېلى قەدىمىي دەۋرلەردىلا ئاللىقاچان يېتۈك سەنئەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات شەكىللىنىپ بولغانىدى. خۇددى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىدەكلا، يۇرتتىن - يۇرتقا كۆچۈپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا يۆتكىلىپ راۋاجلىنىۋاتتى. قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئېپوسلار، قىسسەلەر، قوشاقلار مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ يەردە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى، «بۆرە تۇتىمى» رىۋايىتىنى، «ئىككى تېگىن» رىۋايىتىنى، «كۆچ» رىۋايىتىنى، «چاشتانى ئىلىكبەگ» قىسسەسىنى، ھونلار ۋە ئالىپ ئەرتوڭا ھەققىدىكى قوشاقلارنى، «تورا» قوشىقىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ قەدىمىيدۇر ۋە ياشناپ كېلىۋاتقان ئەدەبىياتتۇر. قايسىنى قايسىگە سېلىشتۇرىمىز؟ قاشتېشىنىڭ قەدىمىيلىكى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمىيلىكىگە تىمسالدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىلىقى — قاشتېشىنىڭ دائىمىي يېڭىلىقىغا تەققاستۇر.

ئەمما، شۇنچە ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ھېچكىم بۇ ئەدەبىياتقا مەتبەئە - نەشرىيات قۇرۇپ بېرەلمىدى. سەلتەنەتلىك شاھلار خەتتات - كاتىپلارنى ياللاپ، ئەدەبىياتىمىز نەمۇنىلىرىنى ئېغىزدىن يېزىققا ئالغان بولۇشى، نۇسخا - نۇسخا كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چاغلاردا تېخى مەتبەئە - نەشرىيات قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. كېيىنرەك ئىدىقۇتتا دەسلەپكى مەتبەئە مەيدانغا كەلدى. بۇددا نوملىرى كۆپەيتىپ بېسىلغان بولسىمۇ، گېزىت - ژۇرنال تەسىس قىلىنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالمىدى. مىڭلىغان شائىر - يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. پەقەت خوتەن ھەققىدە يازغان، خوتەندە تۇرغان، خوتەندە ياشىغانلارنى مىسالغا ئالساق، ھەزرىتى مىرئەلشىر «ناۋايى»، بابارەھىم «شاھ مەشرەپ»، مەھەممەت سىدىق «زەلىلى»، «نۆۋبىتى»، «قەلەندەر»، «مەھزۇن خوتەنى»، ئەخمەتشاھ «قاراقاشى»، «قارى»، توختاخۇن «غېربىي»، ئىسمايىل ھاجىم، مەھەممەت قاسىم تۇردى ئوغلى «زوھۇرى»، مەترۇزاخۇن داموللام «شەھىدى»، ساۋۇت ئاخۇن ئوغلى «داۋۇت»، قادىرخان خوجا «يېتىمى»، مەھەممەت تۇردى ئاخۇن «ھەزنى»، موللا ئىمىن «تەسپايى»، «فىنايى»، تېخى يېقىندىلا باقىي ئالەم سەپىرىگە ئاتلانغان مەھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىم . . . قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى زىكرى قىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئەدەبىياتىمىز خۇددى كۆزى ئېچىلمىغان بۇلاق مەۋج ئۇرۇپ چىقالمىغاندەك، قېنى يوق ئېقىن دالىلارغا سىڭىپ كەتكەندەك، راسا دولقۇنلىنالمىدى. تار دائىرىدىكى موللا - ئۆلىمالارنىڭ ئىجاد قىلىشى ۋە تەسەررۇپ قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۆلكە مەركىزىدە گېزىت، گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بېتى ۋە ئەدەبىي ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنىڭ پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما بىزنىڭ خوتەندە. . .

خوتەن قاشتېشى بەكمۇ قەدىمىي. ئەمما ئەدەبىي ژۇرنال «قاشتېشى» نىڭ يورۇق جاھانغا نازىل بولۇشى — مىلادى 1978 - يىلدىن كېيىنكى ئىش. ئۇ، ئۇيغۇرلار خوتەننى يۇرت قىلىپ ئاچقاندىن بېرىكى نەچچە مىڭ يىل جەرياندا، مۇشۇ ئەتلەستەك گۈزەل، زىلچا گىلەمدەك كۆركەم دىياردا تۇنجى نەشر قىلىنغان ژۇرنال. دۇنيادا تۇرلۇك مەزمۇندىكى، تۇرلۇك قەرەلدىكى، تۇرلۇك شەكىلدىكى، تۇرلۇك تىراژدىكى ژۇرناللارنىڭ ھەر قايسى جايلاردا نەشر قىلىنىپ كەلگىنىگە 3 — 4 يۈز يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزدە، بىزنىڭ خوتەندە ئەدەبىي قەرەللىك ژۇرنالنىڭ چىقىرىلىشى تېخى ئەمدى. بۇنى بىر تارىخىي

مۇقەررەرلىك، تارىخ چاقى يۇقىرىغا دومىلاپ، خوتەندە ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىلمىدىغان ۋاقىتقا يېتىپ بارغان دەپلا ئوتكوزۇۋېتىش — ئاقىلانىلىق ئەمەس. بۇنى ئوبدانلا تەرىپلەشكە، مەدھىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۇنجى سانى چىقىرىلغاندىلا، «ئات تويى» نى ئۆتكۈزۈشىمىز، تەنتەنە قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ھەيھات، بۇتەنتەنە100 ـ ساندا قىلىنىشمۇ كېچىكمەس. . .

قاشتېشى نۇرلىنىپ، قىممىتىگە قىممەت قوشۇلدى. ئەدەبىياتىمىز يورۇقلاش ۋە قاراقاشتەك ئېقىن ھاسىل قىلدى. ئون قېتىم ئون = يۈز — سان «قاشتېشى» قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. نەشرىيات ـ مەتبۇئاتچىلىق گۈللەنگەنلىكنىڭ دەلىلى بوپتۇ. بۇنى مۇشۇ بىر ئەۋلاد خوتەن قەلەمكەشلىرىنىڭ ئامىتى دېمەي، يەنە نېمە دەيمىز؟ شۇنداق، مەن ھەقلىق يوسۇندا ۋارقىرايمەنكى 100 سانىڭغا مۇبارەك «قاشتېشى»! سەن ئېسىل، نۇرلۇق، سۈزۈك، «قاشتېشى» بولۇشقا مۇناسىپ.

3

قاشتېشى — ئەسىرلەردىن بېرى خان ـ خاقانلارنى، خانىش ـ دىلرەبالارنى، باي ـ زەردارلارنى، سودىگەر ـ كارۋانلارنى، سەيياھ ـ تەۋەككۈلچىلارنى، نامراتلارنى ھەتتا خۇدا بەرگەنگە شۈكرى قىلىدىغان مۆمىنلەرنىمۇ پەرۋانە نەزىرىدىكى ئوتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۇنىڭغا قىزىقمىغان، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمىگەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى چۈشەكمىگەن ھېچكىم قالمىدى. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، «سەئىدىيە» نىڭ ئەڭ شۆھرەتلىك شاھى ئابدۇرىشىتخان «مەلىك ئاۋات» نىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، غايەت زور قاشتېشىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىپ، قايتىشىدا «جامەدار» دېگەن يەردە «شامال» تېگىپ قازا قىلغانىكەن. «شامال» تېگىپ قازا قىلدىمۇ؟ ياكى ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى ئورنىغا يۆتكەپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغانلىقتىن «ھەسرەت چېكىپ» ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ — بۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېمەك تەس. ئېيتىلىشىچە مانجۇلار دىيارىمىزنى تەسەررۇپقا ئالغاندىن كېيىن، ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى پارچىلاپ، خانبالىققا يۆتكەپ كېتىپتۇ. «يۈيىنىڭ توپانىنى تىزگىنلىشى» دېگەن مەشھۇر ئويما ھەيكەل ئاشۇ قاشتېشىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئويۇلغانمىش. كېيىنكى چاغلاردا فېئودال بەگ ـ دورغىلار پۇقرالارنى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنىڭ قىنىغا قاتار تىزىپ، سەپ ـ سەپ ماڭغۇزۇپ، قاشتېشى تەرگىلى سالغانىكەن. ئاشۇ قامچا ـ توقماق ئاستىدىكى قاشتېشى يۇرۇشىدە، پۇقرالارنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىدىن قانلار تامىدىكەن. ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىكەن، تالايلار ئۆلۈپ، جەسەتلىرى تاشلار ئارىسىدا قالىدىكەن. . .

قانداقلا بولمىسۇن، تارىختىن بۇيان، خوتەن قاشتېشى خوتەندە تالايلىغان قاشتېشى ئويما ئۇستىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار ئەڭ ئېسىل قاشتېشى ئويما ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى. خەۋەردار ئەربابلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قەدەر كېيىنكىسى (ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەس)، 1965 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مارشال خې لوڭغا سوۋغا قىلىنغان قاشتېشى شاھمات ھېسابلىنىدىكەن. ئەڭ ئېسىلى قايسى؟ مەشھۇر رەسسام، پروفېسسور غازى ئەمەت لايىھەلەپ ئىشلەتكەن «خەلق زالىنىڭ شىنجاڭ ئۆيى» نى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن، ئۇيغۇر رەققاسىنىڭ قاشتېشى ھەيكىلى ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنامدۇ؟ مېنىڭچە، يوقىرىقىلاردىنمۇ ئېسىلرەكلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ بىز قەيت قىلماقچى بولغان مەسىلە ئەمەس. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يەنىلا ئاشۇ تەڭداشسىز ئېسىل قاشتېشى ئويمىلارنى ياراتقان خوتەن ئۇستىلىرى تۇرىدۇ. قاشتېشى ئېسىل نەرسە. قولى ئەپچىل ئۇستىلارنىڭ تاراشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېسىل نەرسىگە ئايلىنىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك، سەنئەت گۈزەللىكىگە ئېرىشتۇرۇلسە، يەنىمۇ گۈزەل بولمايتتىمۇ ئەمىسە!؟ روشەنكى، قاشتېشى ئۇستىلارنى ياراتتى. ئۇستىلار قاشتېشىنى يەنىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلدى. ئېسىل، سۈزۈك، نۇرانە. . .

«قاشتېشى» مۇ خۇددى قاشتېشىغا ئوخشاشلا بىر تۈركۈم «ئۇستىلار» نى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار شائىر ـ يازغۇچىلارنى، خەتتات ـ نەققاشلارنى، رەسسام ـ فوتوگرافلارنى،

نامسىز قەھرىمان ـ تەھرىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەھرىرلەردىن جاپپار ئەمەت ئاكىنى، روزى سايىتنى، ئابدۇرېھىم ئىبلاجىنى، مەتقاسىم ئابدۇراخماننى، ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىرنى، ئەسئەت ئابدۇقادىرنى، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسېلىم مەتقاسىملارنى ساناش مۇمكىن بولسىمۇ، «قاشتېشى» ئارقىلىق نۇرلانغان باشقا ئۇستىلارنىڭ ھەددىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار خوتەن دىيارىغا خوتەن ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك چېچىلغان. «قاشتېشى» ئارقىلىق خوتەن ئاسمىنىدىكى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلانغان. قېنى قايسىسى مېنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلۈشۈم «قاشتېشى» ئارقىلىق بولمىغان دېيەلەيدۇ؟ «قاشتېشى» نىڭ نۇرى ماڭا چۈشمىگەن دېيەلەيدۇ؟ راست «قاشتېشى» سىزمۇ خوتەندىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاسمىنىنىڭ كىچىككىنە بۇرجىكىدە بالقىپ باقمىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئايلىنىدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ «قاشتېشى» نىڭ پەيلىشى، ئەللەي ئېيتىپ ئەركىلىتىشى، ئۇچۇرما قىلىشى، مۇشۇ دەۋر خوتەن قەلەمكەشلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئامەت. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ مۇبارەك نامى ئەڭ دەسلەپ «قاشتېشى» سەھىپىسىدە قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن بېسىلىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان. ئاشۇ سەھىپە ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا تونۇلغان. تونۇلغانلارنىلا سەھنىگە چىقىرىدىغانلار ئۇچۇن ئەمدى ئۇلار يەنە ناتونۇش ھېسابلىنارمۇ؟ ئۇلار خېلى تونۇلۇپ قالدى. نام تەخەللۇسى «قەشقەر»، «ئاقسۇ»، «بوستان»، «تۇرپان»، «قۇمۇل»، «تەڭرىتاغ»، «قاراماي»، «ئىلى» ھەتتا «تارىم»، «مەدەنىيەت» لەردىمۇ كۆرۈنىدىغان بولدى. تەجرىبىگە، ماھارەتكە ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ، بالقىپلا ئۆچۈپ قېلىشتەك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلارنى ئاشۇ پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى «قاشتېشى» ئەمەسمۇ؟ «قاشتېشى» نى «سەكرەش تاختىسى»، كۆككە ئۆرلەش «پەغىزى» دەپ مەدھىيىلىمەي ئىلاجىمىز يوق. بۈگۈنكى «قاشتېشى» ئارقىلىق نۇرلانغانلارنى يۈزلەپ ساناش مۇمكىن. ئىلگىرى ـ كېيىن «قاشتېشى» سەھىپىسىدە نامى كۆرۈنگەنلەر ھەتتا تۆت خانىلىق سانغا يېتىشىمۇ مۇمكىن. كىچىككىنە خوتەن دىيارى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن چوڭ سان. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان سان. دەۋرىمىزدىن ئىلگىرىكى، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق خوتەن قەلەمكەشلىرىنى جەملىگەندىمۇ بۇ سانغا تەڭ بولالمايدۇ. . . گېپىمىزنى خۇلاسىلىساق، «قاشتېشى» ئۆز ئەتراپىدا تالاي ئۇستىلارنى يېتىشتۈردى. تالاي ئۇستىلار بولسا، «قاشتېشى» غا ھۆسن قوشتى.

«قاشتېشى» نىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ گۈزەل دىلبەرنىڭ ماملۇق كۆكسى ئۈستىدە چاقناپ تۇرۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى مىڭلاپ كۆزلەرنىڭ يەۋەتكۈدەك تىكىلىشىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئوخشاشلا «قاشتېشى» نىڭ قىممىتىمۇ، يۈزلەپ ئۇستىلارنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنمىڭلاپ، «تىكىلىپ قارايدىغانلار» نى يېتىشتۈرگەنلىكىدىدۇر. خېرىدارلىق بولمىسا، زىبالىغىڭ نە كېرەك. . . بىر ئەدەبىي ژۇرنال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ بېرىشلا، دەپ قارالسا، كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، سەھىپىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئېسىللىكى ئارقىلىق تومەنلەپ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشتۇر. بىزنىڭ خوتەندەك نامرات، قالاق، ئاق رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خوتەنلىكلىرىمىزدەك ساۋاتسىزلىرى كۆپ، كىتاب ئوقۇمايدىغانلىرى كۆپ، نادانلىرى كۆپ، ئېتىقادى مول ئەمما ئەقىلسىزلىرى كۆپ خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوقۇرمەنلەرنى يېتىشتۈرۈش، كىتابخۇمارلارنى يېتىشتۈرۈش، تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە. مۇشۇ ۋەزىپە ئەمەلگە ئاشقاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات ئەسلى مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ ياكى يېقىنلىشىدۇ. «قاشتېشى» بۇ جەھەتتە ئاجايىپ زور مىقداردىكى زۆرۈر خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلىلا ناچار ھالەتتىمۇ ژۇرنال باھاسىنى ئۆستۈرمىدى. ھەتتا «ئوقۇيمەن» دېگۈچىلەرنىڭ قولىغا ئاپىرىپ بەرگەنچىلىك قىلدى. نەتىجىمۇ كۆرۈلدى. خوتەندە ئۇنمىڭلاپ

ئوقۇرمەنلەر، كىتابخانىلار پەيدا بولدى. قورسىقى يېرىم توق، كىيىمى تېخى ياماقتىن قۇتۇلالمىغان دېھقانلىرىمىزدىن مىڭلاپ كىتابخۇمارلارنىڭ چىققىنى بىزنى ئەڭ خۇشال قىلىدۇ. «قاشتېشى» نىڭ تىرازى زادىلا ئازايماي كەلگەنلىكى — بۇنىڭ پاكىتى.

قاشتېشى قىممەت، ئەمما «قاشتېشى» ئەرزان. قاشتېشى زوقلاندۇرالايدۇ. «قاشتېشى» بولسا زوق بېرىپلا قالماستىن تەربىيىلىيەلەيدۇ. بىلمىگەننى بىلدۇرەلەيدۇ. نىشان كۆرسىتەلەيدۇ. يول باشلىيالايدۇ. پەقەت سەن ئەستايىدىل ئوقۇساڭ، چوڭقۇر مۇئامىلە قىلىپ، تېگى - ماھىيىتىنى چۈشەنسەڭلا، ئۇنىڭدىن نەپ ئالالايسەن.

قاشتېشى نۇرلىنىدۇ. «قاشتېشى» نۇر چاچىدۇ. ساڭا نۇر قوبۇل قىلغۇچى كېرەكمۇ ياكى نۇر چاچىدىغىنى؟ خوتەنلىكلىرىم، ئىككىدىن بىرسىنى تاللىۋال، دەپ سېنى تەڭلىككە سالغۇم يوق. لېكىن كېيىنكىسىگىمۇ كۆز قىرىڭنى سېلىپ قوي. «قاشتېشى» قاراقۇرۇمدىن، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىدىن تېپىلمايدۇ. تاغ كېزىپ، دەريا كەچكەنگە ئۇچراۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن تېخى ئەمدىلا 100 سان چىقتى.

4

قاشتېشى نۇرلىنىدۇ. «قاشتېشى» نۇر چاچىدۇ. نۇر چېچىلغان يەرگە پەرۋانە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاشۇ مۇبارەك نۇر ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ جامالىنى تاپماقچى.

مەن، قاشتېشى ئەتراپىدىن كۆرە، «قاشتېشى» ئەتراپىدا كۆپرەك چۆرگىلەپ يۈرگەن پەرۋانىلارنىڭ بىرى بولغانلىقىم سەۋەبلىك، دەسلەپ ۋە ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەڭ قىزغىن ئوقۇغۇچىسىمەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ سەھىپىلىرىنى دوراپ، ئۇنى - بۇنى جىجاپمۇ باقتىم. ئەڭ دەسلەپكى يازمام «قاشتېشى» دا ئېلان قىلىندى. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان نەرسىلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمۇ «قاشتېشى» دا ئېلان قىلىندى. يازمىلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى، «قاشتېشى» ئېلان قىلىپ بەردى، دېسەم، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. 86 - يىلى 4 - ئايدا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ بۇزاق يېزىسىدا بىر قانچە دېھقان ماڭا: «سىلە بىز دېھقانلارنىڭ يازغۇچىسى» دېگەن گەپنى قىلغان. ئەگەر مۇشۇ گەپ توغرا بولسا، مەن ھەقىقەتەنمۇ «يازغۇچى» ئاتىلىشقا مۇۋاپىق كەلسەم، ئەمدى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەن «قاشتېشى» يېتىشتۈرگەن يازغۇچى!

«قاشتېشى» يېتىشتۈرگەن يازغۇچى نېمىلەرنى يازدى؟

كۆپ قىسىم يازمىلىرىدا، گۈزەل ئەخلاقنى تەرغىب قىلىپ، ناچار ئىللەتلەرگە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. خەلقىمىزنىڭ ئىشچان، چىداملىق، قەيسەر، ئاددىي - ساددا، بىر سۆز، ھالال، توغرا، ئەركىنلىك سۆيەر روھىنى مەدھىيىلەپ، ئايرىم كىشىلەردىكى ھەسەتخورلۇق، قىزىلكۆزلۈك، چىدامسىزلىق، ھورۇنلۇق، ئەخمەقلىق، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى سۆكتى. ئادىللىق، ھەققانىيلىق، توغرىلۇق، پرىنسىپچانلىقنى تەكىتلەپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىقنى قامچىلىدى.

نەتىجىسى قانداق بولدى؟ كىشىلەر نېمە مەنپەئەت ئالدى؟ — بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. «قاشتېشى» نىڭ نەشىر قىلىنىشى 100 سانغا توشقان پەيتتە، 14 يىلدىن بېرى «قاشتېشى» سەھىپىلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن مەن ئۈچۈن، يازمىلىرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى توغرىسىدا بىر قېتىم ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرمەي بولمايدۇ.

«قاشتېشى» يېتىشتۈرگەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە نۇرغۇن نۇقسانلارنىڭ ساقلىنىشى، ھەرگىزمۇ «قاشتېشى» نىڭ گۈزەل، سۈزۈك، نۇرانە ئوبرازىغا كۆلەڭگۈ چۈشۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ جامالىدا داغ ياكى دەز پەيدا قىلىشى، تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس...

قاشتېشى قوبۇل قىلغان نۇرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «قاشتېشى» قوبۇل قىلغان نۇردىن يۈز ھەسسە كۈچلۈكرەك نۇر تارقىتىدۇ. كۈچلۈك، ھارارەتلىك، يارقىن ئاپتاپ ھاسىل قىلىدۇ. يۈز قېتىملىق ئاپتاپ تۈمەن قەلبلەرنى ئىللىتتى. يەنە يۈز قېتىملىق ئاپتاپ مىليون قەلبلەرنى ئىللىتسا ئەجەب ئەمەس. «قاشتېشى» مەڭگۈ نۇر چاچسۇن!

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

# 100 شاخ چىقارغان خاسىيەتلىك چىنار

— «يېڭى قاشتېشى» نىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

كىتاب كۆيدۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تراگېدىيىلىك مەزمۇن دائىرىسىگە ئالغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، ئىلگىرى ئون يىل چۆلدەرەپ قالغان شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ ئىشكاپلىرىغا ئەمدىلەتىن نەشىردىن چىققان كىتابلار تىزىلىۋاتقان، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا «تارىم» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق بىر نەچچە ژۇرنالدىن باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار تېخى مەۋجۇت بولمىغان 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى ئىدى. بىز ئۇ ۋاقىتتا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتاتتۇق. ئۆگىنىۋاتقان كەسپىمىز ئەدەبىيات بولغىنى ئۈچۈنمۇ، ساۋاقداشلار ھەممىمىز دېگۈدەك قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىپ تېجىگەن ئازغىنە پۇللىرىمىزنى ئەدەبىي كىتاب - ژۇرنال سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلاتتۇق. كىتابخانا ۋە پوچتىخانىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش ئورنى بىزنىڭ دائىملىق «سودا مەركىزى» مىز ئىدى. ئۇ چاغلاردا كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تۈرى ھازىرقىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ، ئېيتاۋۇر، يېڭى نەشىردىن چىققانلىكى ئەدەبىي كىتاب - ژۇرناللارنىڭ كۆپىنچىسىنى سېتىۋېلىشقا (ھەتتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇربىمىز يېتىشمىگەنلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىشقا) ئۈلگۈرەتتۇق. مانا شۇنداق قىزغىنلىق ۋە ھېرىسمەنلىك كەيپىياتىدا يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە، يېڭى بىر خۇش-خەۋەر بىزنىڭ قەلبىمىز سەھنىسىدە تەنتەنە قوزغىدى. بۇ، 1979 - يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىدى. بىر كۈنى بىز مەكتەپ قورۇسىدىكى ئالمىلىق باغدا ئىختىيارىي ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ، قانداقتۇر بىر ژۇرنالنى ۋاراقلىغانچە بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتورگ سەمەت دۇگايلى (ئۇ چاغدا شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى) نى كۆرۈپ، ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالدۇق. چۈنكى، بىز بۇ ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سۆھبىتىگە ھەر دائىم داخىل بولۇشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدۇق. ئەمما نېمىشقىدۇر بۇ قېتىمقى سۆھبەت جەريانىدا مېنى بەكرەك قىزىقتۇرغىنى مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى قېنىق جوزەرەڭ مۇقاۋىلىق ژۇرنال بولدى. چىدىماي سوراشقا تەپسىز شارائىتتىمۇ قىيپاچ قاراپ يۈرۈپ، ژۇرنال مۇقاۋىسىدىكى «كوئېنلۇن ئەدەبىياتى» دېگەن خەتنى ئوقۇدۇم - دە، قىزىقىشىم تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، بىز شۇكەمگىچە مۇنداق نامدىكى ژۇرنال بىلەن تېخى ئۇچراشمىغانىدۇق. مەن يېقىندا، خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ ئەدەبىي ژۇرنال تەسىس قىلىنماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسامۇ، ژۇرنالنىڭ نامى نېمە دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى بىلمىگەنىدىم، يەنە كېلىپ مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ژۇرنالنى نەشر قىلغان ئورۇننىڭ ئادرېسىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن، دەرگۇمان ۋە ئىزتىراپ ئىلكىدە پىكرى - خىيالىم شۇ ژۇرنالدا قالدى.

— مۇئەللىم، ژۇرناللىرىنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدىم مەن ئاخىرى، سەل ھودۇقۇپراق.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ھەتتا سىزگە تەقدىم قىلىۋېتىشىم مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ تېخى سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا تۇنجى نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرنال، — سەمەت مۇئەللىم ژۇرنالنى بىر ۋاراقلاپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىرلا خەت - چەك بۆلۈمىدىن

تاپشۇرۇۋالدىم. مۇنداق بولسۇن، كەچكىچە كۆرۈپ چىقىپ ئەتە سىزگە بېرەي.

مەن ئەتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بىراق، ھايال ئۆتمەيلا: «ئەمىسە، ژۇرنىلنى بەرمەملا، دېگىلى بولامدۇ، ئوقۇتقۇچىغا؟ بوپتۇلا، پوچتىخانىغا بېرىپ باقمايمەنمۇ؟» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدە كەچتى ـ دە، دەرھال قۇمدەرۋازا پوچتىخانىسىغا چاپتىم. ئەپسۇس، گېزىت ـ ژۇرناللارنى پارچە سېتىش ئورنىدىكى خادىم ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىكەن. روھىم چۈشكەن ھالدا مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەمدىلا سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتسام، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كارىدورىدا سەمەت دۇگايلى مۇئەللىم چاقىرىپ قالدى، مەن ئالدىراپ يېنىغا باردىم، ئۇ ھېلىقى ژۇرنالنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ژۇرنالنى كۆرۈپ بولدۇم. تۇنجى سان بولۇشىغا قارىماي، خېلىلا سۈپەتلىك ئىشلىنىپتۇ. تۇنۇگۈنكى ۋەدەم بويىچە بۇنى سىزگە بېرەي دەپ ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ـ دە، ژۇرنالنى ماڭا بەردى.

— رەھمەت، مۇئەللىم، تېخى مەن سىلىدىن ئېلىۋېلىپ يۈرمەي دەپ تۇنۇگۈن كەچتە پوچتىخانىغىمۇ بېرىپ باقتىم...، — دېدىم يوشۇرماي.

— تېخى بۇ ژۇرنال پوچتىخانىغا سېلىنمىدىغۇ دەيمەن، ماڭا ئايرىم ئەۋەتىپتىكەن.

مەن مۇئەللىمنىڭ گېپىدىن بۇ تۇنجى سان ژۇرنال سىرتقى جايلاردىكى بىر قىسىم ئەدىبلەرگىلا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇم. مەن مۇئەللىمگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، سىنىپقا ماڭغاچ «كوئېنلۈن ئەدەبىياتى» نامىدا نەشر قىلىنغان ھېلىقى تۇنجى سان ژۇرنالنى ئىشتىياق بىلەن ۋاراقلاشقا باشلىدىم. مېنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلغىنى ئەدەبىي مۇھىتىمىزغا يېڭىدىن بىر تۈپ ھەممەتلىك چىنار كۆچىتىنىڭ قوشۇلغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئانا دىيارىمىز يورۇڭقاش ۋادىسىدا تىكىلگەنلىكى بولدى. شۇ كۈنى ھەر بىر دەرس ئارىلىقىدىكى ئىستىراھەت ۋاقىتلىرىدا بۇ ژۇرنال تالاش ـ تارتىش بىلەن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاخىرى بولماي، ئىختىيارىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا ھەممەيلەن ئالمىلىق باغقا يىغىلىپ، بىرەيلەننىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشىدا كوللېكتىپ ئاڭلىدۇق. بىر نەچچە قېتىملىق ئىختىيارىي داۋاملاشقان بۇنداق خالىس ئوقۇش يىغىلىشىدا، تاكى بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىيسى نۇرمۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىدىن تارتىپ، ئاخىرىدىكى «ئاپتورلار دىققىتىگە» قەدەر ھەممىنى ئوقۇپ تۈگەتتۇق؛ ئەينى چاغ ئەدەبىيات خاھىشى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سەۋىيە ـ چۈشەنچىمىزگە يارىشا ھەر بىر ئەسەرگە قارىتا تەسىراتلىرىمىز ھەققىدە پىكىرلەشتۇق؛ شۇ ساندا نامى ۋە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان نۆۋبىتى، ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن تارتىپ بارلىق ئاپتورلار بىلەن غايىبانە دىدارلاشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىمۇ بۇ ژۇرنالغا «ئارام» بولمىدى. نۆۋبىتى، ئەھمەدشاھ قاراقاش ـ قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىنى كۆرۈۋېلىشلار ئارقىمۇئارقا داۋام قىلىپ، ژۇرنال نەچچە كۈندىن كېيىن سەل پېتىدىن چۈشكەن ھالدا قولۇمغا قايتىپ كەلدى.

دېمەك، مەن بۇ خاسىيەتلىك چىنار بىلەن تۇنجى قېتىم ئەنە شۇنداق يۈز كۆرۈشكەنىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان، تۇنجى يىلى «كوئېنلۈن ئەدەبىياتى» نامى بىلەن ئىككى شاخ چىقارغان مەزكۇر چىنار، كېيىنكى يىلىدىن باشلاپ «يېڭى قاشتېشى» نامى بىلەن يىلىغا دەسلەپ تۆتتىن، كېيىن ئالتىدىن شاخ چىقىرىش ئاساسىدا 19 يىللىق ئۆسۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. مانا ھازىر 20 ـ ئەسىر مۇساپىسىنىڭ 1998 ـ مەنزىلى كۆرۈنۈپ، ئايلار قەدىمى ئۆچتىن ھالقىغان تېز سۈرئەتلىك سەپەر ئۈستىدە بۇ خاسىيەتلىك چىنارنىڭ بېجىرىم 100 شاخ بىلەن زىننەت تاپقان زەبەردەست گەۋدىسىنى تەبرىكلەۋاتىمىز.

www.uyghurkitap.com



يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ كۆركەم شاخلىغان مۇشۇ خاسىيەتلىك چىنارنىڭ سايىسىدىن بەھرىلەنگەن يۈز مىڭلىغان تەشنا دىللار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇماي قالمايدۇ. چۈنكى، بىز مۇشۇ چىنار ئەتراپىغا مۇجەسسەملەنگەن كىچىككىنە ئەدەبىي مۇھىت ئارقىلىقمۇ نۆۋبىتى، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، مەھزۇنى، موللا نىيازى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى، دىلبەر دورغا، مىرھەسەنسەدائى. . . قاتارلىق كلاسسىكلار بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندۇق؛ «تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» . . . قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي نامايەندىلەردىن پارچىلار ھەمدە خېلى بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانىدۇق؛ دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ مېھنەت مېۋىلىرىدىن ھۇزۇرلانغانىدۇق؛ سەركەردە ئەدىبلەر ئىزىدىن ساناقسىز يېڭى ئىجتىھات ئىخلاسمەنلىرىنىڭ بەيگىگە چۈشۈپ يېتىلىشۋاتقانلىقىنى بايقىغان ۋە كۆرگەنىدۇق. مانا ھازىر بولسا ئەينى ۋاقىتتا دەسلەپكى ئىقتىدارىنى مۇشۇ چىنار سايىسىدىكى كىچىككىنە ئەدەبىي مۇھىت ئىچىدە بىخلاندۇرۇپ، يىللارسىرى يېتىلگەن ۋە يېتىلىشۋاتقان كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەملىكەت دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا، نەشرىيات ئەپكارلىرىدا ئۆز قابىلىيىتىنى نامايىش قىلىۋاتقانلىقىدىن، دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن، سۈپەتلىك توپلام ـ كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىدىن، دەسلەپتە ئاددىي ھېكايە ـ قوشاق توقۇش بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كېلىپ، ھازىرقى ۋاقىتتا ياراملىق يىرىك ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە، ھۆرمىتىگە نائىل بولۇۋاتقانلىقىدىن ئېپتىخارلىنىپ سۆيۈنمەكتىمىز. «يېڭى قاشتېشى» نىڭ تۇنجى سانىنى ۋاراقلىساق، ئۇنىڭدا چوڭراق ھەجىمدىكىلەر سانالغىنى بىر ـ ئىككى ھېكايە، نەسىر ۋە سۆز تاللىشىش بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ ژۇرنالدا پوۋېست، داستانلار خېلى سالماقتا ئېرىشىپ قالدى. دېمەك، «يېڭى قاشتېشى» نىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ يىلسېرى راۋاج تېپىش بىلەنلا قالماي، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زورايغانلىقى ھەمدە ئەسەرلەر سۈپەت ۋەزنىنىڭمۇ بارغانسېرى ئېشىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىمۇ كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ.

ھەر قانداق بىر كەسىپتە ئىقتىدارنىڭ تاكامۇللىشىشى ـ تىرىشچانلىق، يېتەكلەش ۋە شارائىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئۈچ شەرت ئورگانىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇبادا يېتەكچىلىك ۋە شارائىت بولۇپ، تىرىشچانلىق بولمىسا، نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، تىرىشچانلىقلا بولۇپ، ئۇ كونكرېت ئىلھام بېرىپ يېتەكلەشكە ھەمدە ماھارەتنى چېنىقتۇرىدىغان مەيدان شارائىتىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى مۇكەممەل بولماي قالىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ شۇنداق. يېڭىدىن سەپكە قېتىلىشۋاتقان ئاپتورلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجادىي مېھنەت مېۋىلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال سەھىپىسىدە روياپقا چىقىپ تورۇشى ئۇلارغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ، تىرىشچانلىقىنى ئۇلغايتىدۇ. مۇبادا «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق يەرلىك ژۇرناللار تەسىس قىلىنماي، ھەممىيلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق بىر قانچە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرىگە كەپلىشىۋالىدىغان ھالەت بولغان بولسا، ئاشۇ گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى ئاپتورلارنىڭ مېھنىتىنى قەدىرلەش نۇقتىسىدىن ھەر قانچە تىرىشىپ باققان ھالەتتىمۇ، ئۇ گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ چەكلىك بەت ـ سەھىپىلىرى ۋە ئەسەرلەرگە قويىدىغان سۈپەت ئۆلچىمى ھەممەيلەننىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ كېتەلىشى تەس ئىدى. مانا بۇنىڭ ئۆزى شارائىت مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللارغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئاپتورلار ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىشتا ھەقىقەتەن قىممەتلىك رول ئوينىمدى. بۇنى تۆۋەندىكى بایاندىن قىممەن بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: بۇ ژۇرنال تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، تەھرىر بۆلۈمى كەلگ ئاپتورلارغا نىسبەتەن ئىلھام بېرىش، ئۈستۈرۈش ـ يېتەكلەشنى نىشان قىلىپ، يېڭىدىن سەپكە قېتىلىۋاتقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمى قويماي، مەلۇم نىسبەتتە ئېلان قىلىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرىشچانلىقىنى قوزغاشنى ئۆز خىزمىتى قاتارىدىكى يەنە بىر مەزمۇن قىلغان بولسا، ئاپتورلار سانى ۋە ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى نەتىجىسىدە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت تەلىپىنى تەدرىجىي يۇقىرى قويۇپ، پىشقەدەم ۋە سەركەردە ئەدىبلەرنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا باشقىلارنى يېتەكلەپ ئۈستۈرۈش يولىنى تۇتقانلىقى بىر خىل پەرۋىش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇردى. بولۇپمۇ ۋىلايەت بويىچە يىلدا بىر نۆۋەت ئەدىبلەر يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش، ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش، نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىجادىيەت تېمىلىرى ئۈستىدە پىكىر ـ سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش سورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈپ تۇرغانلىقى، يىل ئىچىدىكى مۇۋاپىق پەيتلەردە ئاپتورلارنى يېزا ـ قىشلاق، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت قىلىشقا كوللېكتىپ قاتناشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلىپ تۇرغانلىقى، ناھىيە، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تارقاق بولۇشىدەك ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، تەھرىر بۆلۈم خادىملىرىنىڭ بەلگىلىك مۇددەتتە چەت جايلارغا بېرىپ، شۇ يەردىكى ئاپتورلار بىلەن ئىجادىيەت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقى، نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ، يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكى... قاتارلىق ئەدەبىي ـ ئىلمىي پائالىيەتلەر ئاپتورلارنى ئۆزئارا يۈزتۇرانە تونۇشۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۆلگە قىلىش، ئىلگىرى چامداش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. مۇشۇنداق شارائىت يولىدا يۇقىرى ـ تۆۋەن چېپىپ خالىس ئىزدەنگەن، تاپا ـ مالامەتلەرگە ئۇن ـ تىنسىز بەرداشلىق بەرگەن تەھرىر بۆلۈم خادىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ باشتىن كەچۈرگەن جاپالىق ئەمگەكلىرىنى يۇقىرى باھالىماسلىق ـــ ئادىللىق بولماس. لىللا گەپنى قىلغاندا، ياخشى ئىمكانىيەتلەرنىڭ يارىتىلىشى بىلەن، ئاپتورلىرىمىز بۇ سەھنىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھات ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈپ بارغانلىقى، خېلى بىر قىسىم يېڭى ئەدىبلەرنىڭمۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاپتورلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى، بارلىق ئاپتورلارنىڭ تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق دەۋر قىياپىتىنى، شىنجاڭ، جۈملىدىن خوتەن روھىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى، خوتەننى، خوتەن خەلقىنى تەشۋىق قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرغانلىقى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە زىچ ماسلىشىپ، رەڭدار ئىجتىھات مېۋىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئىزچىل ئۆسۈپ بارغانلىقى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق ئۇنۇملۇك شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۇ ژۇرنالنى، يەرلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بۇ ژۇرنالغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

چىنار ـــ ئورمان ئىچىدە غولى ئەڭ مۇستەھكەم، ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئۇ قانچە ئۆسۈپ شاخلىغانسېرى، شۇنچە كۆركەم ۋە بەھەيۋەتلىشىدۇ، ئۇنىڭ سايىسىدىن مەنپەئەتلەنگۈچىلەر ـــ ھۇزۇرلانغۇچىلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بىز «يېڭى قاشتېشى» دىن ئىبارەت بۇ كۆركەم چىنارنىڭ تېخىمۇ باراقسان بولۇپ شاخلاپ، توختاۋسىز ئۆسۈپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن مەڭگۇ ھۇزۇر بېرىشىگە، ئەدەبىياتىمىز باھارىدا مەڭگۇ بېجىرىم قەد كېرىپ تۇرۇشىغا تىلەكداشمىز.

1998 ـ يىل 23 ـ فېۋرال، خوتەن

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر ھوشۇر

# «قاشتېشى» جۇلاسىدىن ھېكايە ئىجادىيىتىگە بىر نەزەر

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 18 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ «99 نومۇرلۇق» نەتىجە بىلەن «ياشلىق» بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. ئۇ بۇ جەرياندا «ئۈچ دەريا» ۋادىسىدا ئەھيا قىلىنغان تۈنجى مەدەنىيەت باغچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ ئىللىق ئائىلىسى، بۆشۈكى، دىلكەش دوستى ۋە مەكتىپى بولۇپ كەلدى. بۇ باغچىنىڭ قاراقۇرۇمنىڭ سۈرلۈك ئېقىنلىرىدا تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ پىشقان، قاشتېشىدا پاكلانغان ئەلۋەك زىلال سۈيىدە چايقىلىپ خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغلۇق روھىدىن ئوزۇقلانغان، ئىرادىسىنى تاۋلىغان نورغۇن ياش بوغۇنلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، جاپالىق مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن قايىل قىلارلىق نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەركىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ھازىر خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەنزىرىسىدە مەيلى ئەسەرلىرىنىڭ سانى ياكى سۈپىتى جەھەتتىن بولسۇن ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان پاكىتقا ئايلاندى. ئەلۋەتتە بۇنى زور تۆھپە، يەنە كېلىپ ئاساسلىقى «يېڭى قاشتېشى» نىڭ تۆھپىسى دېيىش كېرەك.

ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆزى نىشان قىلغان مەلۇم مەنزىلگە يەتكەندە ئارقىسىغا قارايدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىگە ياستۇق ھازىرلاش بولماستىن، بەلكى كېيىنكى مەنزىلى ئۈچۈن كۈچ ۋە ئەقىل توپلاشتىن ئىبارەت. شۇنىڭغا ئوخشاش «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى «ياشلىق» مەنزىلىگە يېتىپ، ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزلارغا كۆز يۈگۈرتۈش ـــ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش مەلۇم ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە مەن ئۆزۈمگە بىر قەدەر تونۇش بولغان ھېكايە ئىجادىيىتى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«يېڭى قاشتىشى» نىڭ دەسلەپكى سانلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، كۆزىمىزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغىنى شېئىر، ئۇنىڭدىن قالسا تەرجىمە ھېكايە بولۇپ، ئىجادىي ھېكايىلەر ناھايىتى ئاز ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. مەسىلەن: 1980 ـ يىلى چىقىرىلغان تۆت سان ژۇرنالدا ئاران بەش پارچە قىسقا ھېكايە ئېلان قىلىنغان. بىز بۇنىڭدىن 80 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەندە مەخسۇس ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئىكەنلىكىنى، قوشۇندىن سۆز ئېچىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ دەۋردە ھېكايە ئىجادىيىتىگە كىرىشكەنلەر شۇ ۋاقىتنىڭ ھەۋەسكارلىرى بولۇپ (بۇلاردىن نۇرغۇن يازغۇچىلار، مەسىلەن: مەرھۇم قاھار جېلىل، جالالىدىن بەھرەم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قاتارلىقلار يىرىك نەتىجىلىرى بىلەن ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى)، ئەسەرلىرىنىڭ سانى ئاز بولۇشىغا قارىماي، سۈپىتىمۇ دېگەندەك ئەمەس. شۇڭا بىز بۇ مەزگىلدىكى ھېكايە ئىجادىيىتى ھەققىدە كۆپ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. لېكىن، بىز ئاشۇ ئىجادكارلارنىڭ چاتقاللىقتىن ئېچىپ بەرگەن تۇنجى چىغىر يولىنى قەدىرلەيمىز. دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تارىخى قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىمىز. ھەمدە شۇنداق قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

جالالىدىن بەھرامنىڭ «روزىمەمەت خۇشال» (83 ـ يىللىق 4 ـ سان)، مەمتىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ «ساقال ھەققىدە پاراڭ» (83 ـ يىللىق 3 ـ سان)، مەتتۇرسۇن سۇلايماننىڭ «قارشى ئېلىش» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەمدە نۇرمۇھەممەت توختى،

مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ئوبۇلقاسىم توختى، ئابدۇقادىر سادىر، تىلىۋالدى ھوشۇر، مەتىمىن قۇربان قاتارلىق يېڭى كۈچلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشى ــ ھېكايە ئىجادىيىتىنى تەرەققىيات دەۋرىگە باشلاپ كىردى.

جالالىدىن بەھرام «روزىمەمەت خۇشال» ناملىق بۇ ھېكايىسىدا يېڭىچە بەدىئىي دىت بىلەن روزىمەمەت خۇشالنىڭ يەرلەر شەخسىيلەرگە يېڭىدىن ھۆددىگە بېرىلگەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ھەقىقىي خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنى يېزىش ئارقىلىق توگىمەس سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر، كۈرەشلەر قاينىمىدا يۈرىكى مۇجۇلغان بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭى سىياسەتتىن گۇمانلىنىش پسىخىكىسى بىلەن كۈچلۈك بېيىش ــ ئىنسانەدەك ياشاش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور يۇقىرىقى ئاكتىپ ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا: تەييار ئۇقۇم، چۈشەنچىلەرگە تايانماستىن بەلكى، ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «سول» چىل ئەدەبىياتنىڭ يازغۇچىلارغا تاڭغان خىلمۇخىل رامكىلىرىنى دادىل بۇزۇپ تاشلاپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بويىچە ئىش تۇتۇپ، روزىمەمەت خۇشالدىن ئىبارەت گۆش ھەم قېنى بولغان، ئۆزىگە خاس خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقاننىڭ مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، جانلىق كەيپىيات ياراتقان. ئەسەردە ئاپتور يەنە روزىمەمەت خۇشال بىلەن قېرى قىز ئاپپاشانىڭ ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا قوشۇمچە ئىگىلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ خاس يەرگە تايىنىپلا بېيىيالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا شارائىت ھازىرلاپ، قوشۇمچە ئىگىلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭمۇ لازىملىقىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگەن. بۇ ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالقىشلاشقا تېگىشلىك روھ، ئەلۋەتتە.

ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە، تىلى راۋان، شوخ بولۇپ، كىشىگە ئالاھىدە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ روزىمەمەت خۇشال ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خۇددى مەتنىياز، جامى ۋە باھاۋۇدۇن ھەقمۇھەممەتلەردەك ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ.

«ساقال ھەققىدە پاراڭ» ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرى ئېستېتىك قىممىتى بىلەن زور غۇلغۇلا قوزغىغان، مەتىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ ئەتراپلىق، ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن يېتىلگەن بەدىئىي ئىقتىدارىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. ئاپتور بۇ ھېكايىدا ماددىي تۇرمۇشى يېڭى دەۋر تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن، لېكىن «ئۇ ئايدىن بۇ ئايغىچە چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتماي، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيدۇرماي» ئەكسىچە چاچ ـ ساقاللىرىنى ياسىتىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ پاكىز، رەتلىك يۈرۈشنى چاكىنىلىق دەپ قارايدىغان «مەن» نىڭ يۇمۇرلۇق ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا تۇنجى قېتىم يېزىلاردا بىرقەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەي، پاكىز، رەتلىك ۋە چىرايلىق يۈرۈشكە سەل قارايدىغان يامان ئادەتلەرنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىد قىلغان. ھېكايىنىڭ ھەجمى قىسقا، تىلى چۈچۈك شۇنداقلا ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇپ، كىشىگە بىر خىل تەبىئىيلىك، ئازادىلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

مەتتۇرسۇن سۇلايماننىڭ «قارشى ئېلىش» ناملىق ھېكايىسى تېما جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىق، تىندىتسىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھەم ئەھمىيەتلىك بولۇشى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا يېزا كادىرى خېلىلنىڭ ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشكەن قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يۇقىرىغا ياخشىچاق بولۇش كويىدا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دېھقانلارنى زور زىيانغا

ئۇچرانقانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ ۋە ئۇنى ئالداپ، تۆۋەننى باسىدىغان، خەلقنىڭ زىيىنى بەدىلىگە ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆسۈشنىلا ئويلايدىغان ناچار ئادەتلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەقەلەر ياخشى تاللانغان، كۆڭۈل قويۇپ تاۋلانغان بولۇپ، تېپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاپتور ئەسەردە خېلىلىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، يېزىقچىلىقتا كىرىشكەندە ئۇنى ئارتۇقچە باشقۇرۇۋالماي، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتقۇزغان. بۇ جەھەتتە ئۇقۇملاشتۇرۇش، مۇقىم خاراكتېر بېكىتىپ بېرىش، فورمۇلالاشتۇرۇش خاھىشىنىڭ تەسىرىنى يوقاتقان. شۇڭا خېلىل ئوبرازى كىشىگە بىر خىل تەبىئىيلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئۈچ نەپەر يازغۇچىنىڭ ھېكايىلىرىدىكى (باشقا ھېكايىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى: بىرىنچى، يېزا تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان. تاللىغان تېمىسىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىي بولۇشىنى چىقىش قىلغان. ئىككىنچى، ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولۇپ، كۈچلۈك يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان. ئۈچىنچى، تىلى شوخ، ئويناق، راۋان، سىمۋوللۇق مەنىگە باي بولۇپ، ئاز سۆز ئارقىلىق كۆپ مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن.

نۇرمۇھەممەت توختى ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى، پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن تالانتلىق يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل جەريانىدا، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تويۇنغان، ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بىر بۆلۈك ياخشى ھېكايىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ خېلى مۇكەممەل بولغان ئىجادىيەت دۇنياسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تاللىغان تېمىلىرى يېڭى، قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك، ئىستىلىستىكىغا باي بولۇپ، روشەن خاھىشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېكايىلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ، تۇرمۇشنى كۆزەتكەندە، تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ يورۇق تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان. يەنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولغان چىن ئىنسانىي دوستلۇق، مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت قاتارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىگەندە (مەسىلەن: «ئالتۇن»، «قەنتدەك دادام، قەنتدەك بالام»، «سودىگەرنىڭ ئاشىقى» ھېكايىلىرى)، يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇخىل ناچار ئىللەتلەر ـ نادانلىق، كۆرەلمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك، بىكىنمىچىلىك، مەزھەپچىلىك، چىرىكلىك، مىللىي پوچىلىق قاتارلىق خەلقنىڭ روھىيىتىنى خورۇتۇپ، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقان مەنىۋى زەئىپلىك ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلارچە قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەنقىد قىلىش سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنى ئۇ مەۋجۇت رېئاللىقتىكى يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەر ئۈستىدە تەنقىد ئېلىپ بارغاندا، ھەرگىزمۇ ئىدىيىنى ھەممە بىلىدىغان ئوبيېكتىپ بايانلاردا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ. ئۆز ئۆزىدىن ـ ئۆزۈڭىغا سوزۇلغان مۇھاكىمىلەرنىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇ پەقەت كىتابخانلارغا ئۇلار ئاڭلاشقا تەشنا بولغان ئەڭ يېڭى، ئەڭ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپلا بېرىدۇ. كىتابخانلار ئەسەردە ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن ئىدىيىنى ـ كۈچلۈك تەنقىدىي خاھىشنى ھېكايىنى ئوقۇش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ھېس قىلىۋالىدۇ. ئاپتورنىڭ «باھاۋۇدۇن ھەقمۇھەممەت»، «يىگىرمە مىڭ باغاق»، «بەش توپ سەگۇ تېرەك»، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «قەدىمكى جەسەت»، «ناھىيىگە كەلگەن

ماۋتەي ھارىقىنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. ئاپتور بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەۋجۇت رېئاللىققا نىسبەتەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىد ئېلىپ بېرىلغان.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان شېئىر بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساس سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى يەنىلا ھېكايە. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھېكايىلىرىنى ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئاتا قىلغان. بۇ ھېكايىلەردە (مەسىلەن: «خامانغا خىزىر كەلدى» قاتارلىقلار) 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بېرىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن يېزىلاردىكى زور ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن تولدۇرغۇسىز زىيانلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. مەتقاسىم ئابدۇراخمان 80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، نەزىرىنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگە قارىتىپ، دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيىلىرى تەنقىد قىلىنغان بىر بۆلۈك ياخشى ھېكايىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. (مەسىلەن: «ھازىدارلار» ، «پال قاپىقىنىڭ سىرى» ، «يەتتە يۇمۇلانغان سۇ» قاتارلىقلار). كېيىنچە بۇ ھېكايىلەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ، بىر پۈتۈن مۇكەممەل ئىدىيىۋى سىستېمىنى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. ئاپتورنىڭ مۇشۇ تېمىدا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھېكايىسى «يەتتە يۇمىلانغان سۇ» (89 - يىللىق 4 - سان) دۇر. ئاپتور بۇ ھېكايىدا «مەن» نىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ۋە بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق، خەلقىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «يەتتە يۇمۇلانغان سۇ ھالال» ، «قۇلاق ئاڭلىمىسا، كۆز كۆرمىسە ھالال» دەپ قاراپ، بۇلغانغان پاسكىنا سۇلارنىمۇ ئىچىۋېرىدىغان ناچار ئىستېمال ئادىتىنى تەنقىد قىلىدۇ. گەرچە ھېكايە ئۈمىدسىز كەيپىياتتا ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

يازغۇچى يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان دىققەت - ئېتىبارىنى كۆپرەك نۆۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ رېئالنى مۇناسىۋەتلىرىگە قارىتىپ، خىلمۇخىل تېمىلارغا بېغىشلانغان «ئارخېمىدنىڭ پىشانىسى» ، «كاتىپنىڭ مونولوگى» ، «يېڭى نەزەرىيە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن نۆۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، كەيپىياتى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ھېكايىلىرى مۇكەممەل قۇرۇلمىغا، باي ئىدىيىۋى مەزمۇنغا، كۈچلۈك خاسلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتە كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقانلىقىدىن، پىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

90 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان، بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، بەدىئىي تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماخمۇت سىدىق، ئالىمجان رەجەپ، ئابدۇرشات مۇساجان، مەتسىلىم مەتقاسىم، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، ئايمۇھەممەت، مۇتەللىپ سەيپۇللا، ئالتۇنگۈل رەجەپ، قەيسەر ئابدۇقادىر، داۋۇت مەتنىياز، غوجى ئابدۇللا ناسىر، مەمەتجان مەتسەيدى، ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا تۇرسۇن، ماھىنۇر ئىسمايىل، ھېبىبە مەمەتئېيسا، ئىمىن تۆمۈر قاتارلىق ياشلار «يېڭى قاشتېشى» ئېكىنزارلىقىدا ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇپ، بەس - بەستە نوتا سۇرۇپ، بىر بۆلۈك تەملىك ھېكايىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدكە تولغان كەلگۈسىدىن بىشارەت بەردى. بۇلار ئىچىدە ماخمۇت سىدىق ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئەڭ زور ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماي، سۈپىتىمۇ يۇقىرى. ئۇ ئېلان قىلغان نۇرغۇن ھېكايىلەر ئىچىدە «پارچە - پۇرات ئىشلار» ھېكايىسى (1997 - يىللىق 6 - سان) نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك

«ۋىجدانى بىلەن يېزىپ چىققان» ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ. ھېكايىنى ئوقۇغانلارغا ئايانكى، دەرۋەقە ئاپتورنىڭ يازغىنى ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشتىكى «پارچە ـ پۇرات ئىشلار». لېكىن ئاپتور ئاشۇ پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى يازغاندا بەزى ئاپتورلاردەك تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۇنى تىپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاشۇ تىپىك تەپسىلاتلاردا ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقنى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەسەردىكى تەپسىلاتلار چىن، تىپىك شۇنداقلا ئەھمىيەتلىك، مۇلاھىزىلەرنىڭ سالمىقى ئېغىر بولۇپ، ئاپتورنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ئىپادىلەش، بىر تەرەپ قىلىش، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ۋە ئوبراز يارىتىش سەنئىتى جەھەتتىكى قابىلىيىتى كىشىنى قايىل قىلىدۇ ھەمدە ئۈمىدلەندۈرىدۇ.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېتىبارىنى ئېھتىياجىغا يېقىندىن ماسلىشىپ خېلى يۇقىرى ئۇنۇم قازىنىۋاتقان تىرىشچان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھېكايىلىرى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى ھېكايىلىرى مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا بۇ ياش يازغۇچىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش، تىنىمسىز ئىشلەش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇش روھىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، قىزىقارلىق بولۇپ «قارا مۇشۇك» (96 ـ يىللىق 1 ـ سان) ھېكايىسىنى ئۇنىڭ كونسېرى يېتىلىۋاتقان بەدىئىي ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرغان مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايىدا يېزا باشلىقى تۇردى شاھ بىلەن زاپخوز توختىمەتنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئارقىلىق بىر بۆلۈك ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىدا ساقلىنىۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، قىزىقارلىق، تىپىك؛ تىلى راۋان، چۇچۇك، بولۇپمۇ ھېكايە ناھايىتى ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ئالاھىدە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

مەتسېلىمنىڭ ھېكايىلىرىمۇ ئۆزگىچە تەمگە ئىگە. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھېكايىلىرى يېزا تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق. «ۋاپا مېھرى» (89 ـ يىللىق 5 ـ سان) ھېكايىسىنى ئۇ ئېلان قىلغان بىر قاتار ھېكايىلەر ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئېسىل ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا دۆڭباغ يېزىسىنىڭ «قىزىلگۈلى» زۆرەم بىلەن مېيىپ يىگىت ئېيسانىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى يېزىش ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، جىددىي، لىرىكىغا باي بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىدۇ ھەمدە تۇرمۇش، مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 19 يىللىق ھېكايە ئىجادىيىتى سەھىپىسىگە كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە نەتىجىلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئومۇملاشتۇرغاندا: بىرىنچى، ھېكايىلەرنىڭ تېما دائىرىسى بىر ئاز تار، ئەھمىيەتلىك تېمىلار ئاز. ئىككىنچى، بىر قىسىم ياش يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە مەسىلە بار. ئۈچىنچى، نوقۇل ھالدا ۋەقەلىك قوغلىشىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىشقا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار بىر قەدەر گەۋدىلىك. لېكىن بۇلار يېتىشتۈرۈۋاتقان ئەمەلىيەت جەريانىدا تولۇقلىنىۋاتقان بولىدىغان ئايرىملىق بولۇپ، بىر پۈتۈن ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ.

1998 ـ يىل 6 ـ مارت

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

جاپپار ئەمەت

## «يېڭى قاشتېشى»غا مەدھىيە

(خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان چىقىرىلغانلىقىغا تەبرىك)

يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئەركىن ساداسى،
خەلقىمىزنىڭ ئۈلپىتى يېڭى قاشتېشى.
يۈكسىلىش، ئۆرلەشنىڭ جاھاننامىسى،
يۇرتۇمىزنىڭ زىننىتى يېڭى قاشتېشى.

ئىسلاھات دەۋرىنىڭ گۈل ـ غۇنچىسى سەن،
قاشتېشى يۇرتىنىڭ زەر ـ ئۈنچىسى سەن.
كوئېنلۇن باغرىنىڭ كەڭ زىلچىسى سەن،
روھىيەت بۇلىقى يېڭى قاشتېشى.

سەن يېپەك يۇرتىنىڭ چىمەن گۈلزارى،
ئەدىبلەر بېغىنىڭ كۆركى، تۇمارى.
بۇلبۇللار جەم بولغان كەڭ مۇرغىزارى،
ئىلھامىنىڭ سەھنىسى يېڭى قاشتېشى.

قەلەمكەش دوستلارغا سەن بولۇپ باغۋەن،
ئۈستۈردۈڭ باغرىڭدا بىر يېڭى چىمەن.
ئېچىلدى ئۇنىڭدا گۈللەر رەڭمۇرەڭ،
ئەدىبلەر گۈلشىنى يېڭى قاشتېشى.

چىققاندەك ئاسماندا نۇرانە چولپان،
چىقىپسەن ئون توققۇز باھاردا يۈز سان.
شائىرىڭ قۇتلۇقلاپ تويۇڭنى شۇئان،
مەدھىيە يوللىدى، يېڭى قاشتېشى.

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئابدۇللا سۇلايمان

## ئاتكرېتكىغا يېزىلغان شېئىرلار

1

ئىنسان ئۆمرى دېيىلسە قىزىقارلىق بىر كىتاب،
ئەپسۇس گويا باب، قىسمى قورنىنىڭ كۆپ چېكىتى.
مىسال ھايات ئوخشىسا درامىغا، (ئوينالغان)،
مۇقەررەرلىك — توقۇنۇش ئۇنىڭ ئۆتەلگ ـ بېكىتى.
ئەپسۇستا بار سېھرى كۈچ، (يىغا، كۈلكە مۇجەسسەم)،
ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىد بۇ تۇرمۇشنىڭ بەركىتى.

2

سۇنسا دوستۇڭ، قوبۇل ئەت ھەتتا بوغداي سۆزىنى،
مەقبۇل كۆرۈپ ئۇ پىشقان بوغداي نېنى ئورنىدا.
مەيلى، ئۇنىڭ مىجەزى ئوخشىمىسا ئۆزۈڭگە،
بولمايدىغۇ سېغىنغان شاراقلىشى تورنىدا.
مېڭگۈ ئەرسۇن دوستۇڭمۇ ئۆز يولىدا، زورلىما،
ھەر كىم ئەركىن ھېس قىلغاي ئۆزىنى ئۆز قوينىدا.

3

مەئىشەتكە ئىنتىلىپ زور قىزغىنلىق ئىچىدە،
قوغلىشىسەن بەختنى، ئالدىرايسەن، تاپىسەن.
بىلسەڭمۇ گەر ئايرىم دەپ بەخت بىلەن نېمەتنى،
ئۇنى زورلاپ ھاياتنىڭ ھالقىسىغا چاتىسەن.
گەر تېگىلماي مەسئۇلىيەت، ئۈزلۈك پېتى تۇرغان پەيت،
پەرۋازىڭ شۇ، بۈيۈكلۈك ئارا قانات قاقىسەن.

4

ئىككى دۇنيا ــ مۇھەببەت بىلەن نىكاھ ئەسلىدە،
قىلار ھەتتا مۇھەببەت نىكاھنى گاھ قەتلىئام.
دەملەنگەن بىر پىيالە چايدۇر گويا مۇھەببەت،
ئۇنى ئۇزۇن ساقلىسا بولار ھىدسىز ۋە بەتتام.
نىكاھمۇ ھەم مىسالى ئېچىغان مەي بىر كوزا،
ساقلانغانچە ئۆزگىرەر خۇشبۇي تەمگە ئۇ تامام.

5

ئۆزگەرتىدۇ ھەممىنى ۋاقىت، شۇنداق تەخىرسىز،
بىراق ئانا ھۆرمىتى ـ مۇھەببىتى ئۆزگەرمەس.
ساتقىلى ھەم ئالغىلى بولار بارچە دۇنيانى،
ئاڭا بەرگەن سۆيگۈنى ساتماق، ئالماق بەكمۇ تەس.
دەسلەپىدە قان بىلەن بۇ ۋۇجۇدقا كىرگەن ئۇ،
چىققاندىمۇ جان، كېتەر روھقا بولۇپ ھەمنەپەس.

6

قورۇق چۈشەر يۈرەككە، يوقالغاندا قىزغىنلىق،
(يىللار گەرچە سالسىمۇ قورۇق ـ سىزىق تېرىگە).
سالسا ئۇرۇق، ئۇنىمگەي پەرىشانلىق، گۇماندىن،
ئەتلىك تۇپراق، سۇيى مول ئىرادىنىڭ يېرىگە.
يۈرەكسىزلىك ئورنىنى ئىگىلىسە جاسارەت،
ئايلىنىدۇ چال ھەتتا نەۋقىرانىنىڭ بىرىگە.

7

ھەر ئىنساننىڭ ئۆز رىسقى ـ لوقمىسى بار يەيدىغان،
بەزىسىنىڭ تويسىمۇ ئۆزى، كۆزى تويمايدۇ.
ئېلىپ بارار نەپرەتلىك يولغا نەپسى غالىبلىق،
يار لېۋىدە تۇرغاننى بىراق ئۆزى تۇيمايدۇ.
تويماسلىققا تۇيماسلىق ئەمەس بانا ـ سەۋەبكار،
ھايۋانلىقنى دائىما خۇيى ـ پەيلى قويمايدۇ.

8

بىر گۈل گويا جانانىڭ ـ غۇنچىلىغان ـ شاخلىغان،
بىر سېنىڭلا ئەجرىڭدە چاچالايدۇ خۇشپۇراق.
مىسال ئۆزۈڭ بىر دەرەخ، جانانىڭسىز ـ پەرۋىشسىز،
تىكلەپ سۇبات، ئەتراپقا سوزالمايسەن غول ـ پۇتاق.
مۇھەببەتنى جانانىڭ ئارتۇق بىلسە ھەممىدىن،
سەن قارايسەن سۆيگۈگە سەرگۈزەشتە دەپ، بىراق.

9

كۆپلۈك قىلار بىر دۈشمەن، ئازلىق قىلار مىڭبىر دوست،
ئاققان سۇدەك تېز ئۆتكەن بۇ ئۆتكۈنچى ھاياتتا.
تارتقۇزغىنى دەرد ـ ئەلەم، بىر دۈشمەننىڭ قىلمىشى،
پەرۋازلىرىڭ جەۋلانى دوستلار تاققان قاناتتا.
بولسا مەدەت ئىزىڭغا دائىم ئاشۇ دوستلىرىڭ،
سەنمۇ ئادىل ھوشۇردەك يۈگۈرەيسەن سىم تاناپتا.

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

## نامانجان تۇرسۇن

# شېئىرلار

### ئەسەبىيلىشىش

تارا دەپ قالماڭ، دۇتارىم تارىنى،
تارا قىلدىم بۇ يۈرەكنىڭ بارىنى.

ياڭرىتىپ ئۆتسەم سەھەردە ئىزگۇ كۈي،
ئاڭلىدى كىم، قىلدى كىملەر كارىنى؟
بىلمىدىم، كۆيگەن گۇناھمۇ سۆيگۈدە،
كىمگە ئېيتاي بۇ كۆڭۈل دىشۋارىنى؟

نالە قىلدىم ئاشىقى بۇلبۇل كەبى،
ئىزدىبان گۇلزار ئارا رەيھاننى.
سۆيمىسە ئالسۇن يۈرەكنىڭ ئىلكىدىن،
تۇنجى رەت سالغان ئوتنى - يارنى!

## سۆكۈتتىكى ئىلتىجا

يار قۇلاق سال، ئاشىقىڭنىڭ زارىغا،
نە شىپادۇر، بۇ كۆڭۈل دىشۋارىغا؟
گەر بۇ جاننى ئەيلىمەك بولساڭ شىكار،
ياخشىسى، ئاسقىن مېنى كانارىغا.
كۆيدۈرۈپ، باغرىمنى گۈلخان ئەيلىدىڭ،
سىغىنىشنىڭ ئوت يېقىپ چاۋارىغا.
ياكى، بىلدىڭمۇ ئەقىدەمنى مېنىڭ -
ئوخشىتىپ زاغ مالچىنىڭ تاۋارىغا.
سۆيمىسەڭ، ساتقىن قولۇمدىن يېتىلەپ،
ئاپىرىپ ئىشقى - كۆيۈك بازارىغا.
سۆيگۈ دەپ تارتقان ئەلەم بولسا گۇناھ،
نە ئەجەب، قالسام تېخى سازايىغا.

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

يارنى ئىزدەپ سايدا پۇتقا پاتتى تاش،
قاچتى ئۇيقۇ كۆزلىرىمدىن، قاتتى باش.
تاغقا ياماشتىم، دېڭىزغا شۇڭغىدىم،
ھېچ دېرەك بولماي، كۆزۈمگە كەلدى ياش.
ياپيېشىل ياپراقىمۇ يەتتى خازان،
قوغلىشىپ ئۆتتى پەسىللەر ئالدىراش.
ئىزلىرىم يوق جاي زېمىندا قالمىدى،
يار ئۈچۈن بەردىم رىيازەتكە چىداش.

بىلمىدىم، مارسقا كەتكەنمۇ چىقىپ،
ئىيتقىنا، يارنى كۆردىڭمۇ قۇياش؟

## ئۈنسىز ھاياجانلىنىش

لەۋلىرىڭدە پىستە چاقسام ماك قىلىپ،
يېرىلىپ كەتكەيمۇ باغرىم «ۋاك» قىلىپ.
ئەي جانان، شۇ چاغ قانامەنمۇ ساڭا،
تاقسام دائىم سېنى ئىزناك قىلىپ.
ئۇيقۇسىزمەن ساڭا كۆيگەندىن بېرى،
قويدىڭا، ئىشقىڭدا سەن غەمناك قىلىپ.
سەن قېچىپ، كۆڭلۈمدە قوغلاپ ئۆتتى يىل،
ئۆز - ئۆزۈڭنى يۈرمىگىن ئەخمەق قىلىپ.
چاقىرار پىنھانغا نامان، بېرى كەل!
سۆيگۈ بىزنى قويغۇسى ئامراق قىلىپ.

## بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش

كۈلۈپ بىر دىلرەبا، ئوتلۇق نىگاھ قىلدى،
مېنى مەجنۇن سىياقىكى، ئاھۇ - ۋاھ! قىلدى.
ۋىسال ئىزدەپ، ئىشق سەھراسىنى كەزسەم،
يولۇمنى توسىبان، كىمدۇر ئاگاھ قىلدى.
نېمە قورقۇش دېگەنلەر مەن ئۈچۈن شۇ دەم؟
ئېلىپ قورشاۋ قېتىمغا گاھى - گاھ، قىلدى.
تاياق تەگكەنچە ئاغرىش يوق، ھوزۇرلاندىم،
توسۇپ جىسمى بىلەن دىلدار پاناھ قىلدى.
تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار



# ستۇدېنتلار ياتىقى

(پوۋېست)

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پاكىز، يورۇق كارىدورىدا ئۈچ يىگىت تەكشى قەدەملەر بىلەن كەلمەكتە. ئورۇق، قارىراق كەلگەن يىگىت، ئوتتۇرىدىكى ئېگىز بوي، كەڭ يۈزلۈك تۇرقىدىن سالماقلىق، ئېغىر - بېسىقلىق چىقىپ تۇرىدىغان بوغداي ئۆڭ دوستىغا ياندىشىپ قىزىرىپ سۆزلىمەكتە.

ــ ئېيتقىنا، مەمۇر سەن بۈگۈنكى مۇنازىرىدە تازا قىزغىن ئەمەس، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

ــ بۇ ئاسانلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس.

ــ سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. سەن جىق نەرسىلەرنى ئويلايسەن، ئەمما سۆزلىمەيسەن. مەمۇر — ئويلاۋېرىپ سۆزلىمەسەڭ «ئەلا» ① دەك تەلۋىلەرچە كىتاب ئوقۇۋېرسەڭ سارالڭبولۇپ قالىسەن. ئەمدى مەن سېنى سۆزلىتىمەن.

ــ سۆزلىمىسەمچۇ؟

ــ بىلەمسەن، بىز سەن بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقىلى تۆت يىل بولدى. بۇ گۈزەل ھەم زېرىكىشلىك، مەنىلىك، ئەمما تەكرار ھاياتىمىزنىڭ، ئۇچىقىنى دېسەم، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىشىغىمۇ ئاز قالدى. بىز كۆرۈنۈشتە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن، ئەمما ماھىيەتتە بىز دوست ئەمەس، چۈنكى مەن سېنى ھەقىقىي چۈشەنمەيمەن. . . ، — ئۇلار سۆزلەشكەچ بىنادىن چۈشتى.

كەچكى شەپەق ئوقۇتۇش

---

① «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژ.

بىناسىنىڭ ئېگىز ئۆگزىسىدىن ھالقىپ، بىنا ئالدىدىكى باغدا يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان ئالمىلارنىڭ مەڭزىدە، قارشى تەرەپتىكى زالنىڭ كاھىشلىق تاملىرىدا جىلۋە قىلاتتى. ئالما دەرەخلىرى تۈۋىدىكى تاش ئورۇندۇقلاردا رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلار جۈپ - جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇپ بەزىسى دەرس تەكرارلىسا، بەزىسى بوش ئاۋازدا پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى.

ھېلىقى ئۈچ يىگىت ياتاق بىناسى تەرەپكە بۇرۇلىدىغان يولغا چۈشتى. قىزغىن سۆزلەۋاتقان قەزىر ئەمدىلىكتە ئالمىلىق باغنىڭ كۆك سىرلانغان تۆمۈر ۋادەكىنى پات - پات تۇتۇپ قويۇپ، جىم مېڭىۋاتاتتى. ئۇلار باغنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، قەزىر يەنە قايناشقا باشلىدى.

— قاراڭلار ئاۋۇ ئىككىسىنى، ئۇلارنىڭ نەرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى؟ — ۋادەككە يېقىن جايدىكى بۆككىدە شاخلاپ كەتكەن ئالمىنىڭ دالدىسىدىكى تاش ئورۇندۇقتا بىر يىگىت قېشىدىكى قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئارتىۋېلىپ، قىزنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاۋاتاتتى.

— ھەر قانچە بولسىمۇ شۇنچىۋالا قىلىشىپ كېتەمدۇ؟ كۈپ - كۈندۈز تۇرسا...

— بولدى قىل قەزىر، نېمانچە قاينايسەن؟ بۈگۈن سەن نېمە بولدۇڭ؟ بەك ھاياجان بولۇپ كېتىپسەن، يۈرە ياتاققا چىقىمىز، — مەمۇر قەزىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ئۇنى ياتاققا ئۈندىدى.

سىنىپتىن چىققاندىن بېرى گەپ قىلماي كېلىۋاتقان پاكار، قارا، ئورۇق كەلگەن خالمۇرات ئۇلارغا قاراپ، — ياتاققا دەيسىلەرغۇ، تاماق يېمەيمىزمۇ؟ قورسىقىم غولدۇرلاۋاتقىلى نەۋاخ، ھېلىقى لەنتى تاپشۇرۇقنى ئىشلەيمەن دەپ چۈشتىمۇ تاماق يېمىدىم، — ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن گۆشرەڭ بوغما چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ قارىداپ كەتكەن لەۋلىرىگە قىستۇردى.

مەمۇر خالمۇراتقا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە — ھە راست تاماق يەيلى، بۈگۈن ماڭا چەك كەلگەن، سىلەرنى مەن مېھمان قىلاي يۈرۈڭلار سىرتقا چىقىمىز، — ئۇ يەنە بىر قولىنى خالمۇراتنىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى. ئۇلار ئۈچى قۇچاقلاشقىنىچە مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئىككى دوستىنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ كېتىۋاتقان مەمۇر خۇددى يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان باللىرىنى قانىتى ئاستىدا مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئانا قۇشقا ئوخشايتتى.

× ×

كەچلىرى ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ئىنتايىن جانلىنىپ كېتىدۇ. ياتاقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان كۈلكە - چاقچاقلار، ۋارقىراش - جارقىراشلار، ھەر خىل تىل، ھەر خىل ئاھاڭدىكى ناخشىلار، كەچلىك مۇزاكىرىدىن يېنىپ پۇت، پايپاقلىرىنى يۇيۇۋاتقانلارنىڭ يۇقىرى بېسىم بىلەن چۈشۈۋاتقان تۇرۇبا سۈيىگە تەڭكەش قىلىپ ئىسقىرتىشلىرى... ياتاق بىناسىنىڭ كارىدورلىرىدا ئاجايىپ شاۋقۇنلۇق سىمفونىيە ھاسىل قىلاتتى.

تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاق تۆتىنچى قەۋەتنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىدى. خالمۇرات ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئۇچۇق قويۇپ، دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. تۆت جۈپ كارىۋاتلىق ئوغۇللار ياتىقى، كارىۋات بېشىدىكى ئارىلىقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چامادانلار، ساندۇقلار كارىۋات ئاستىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قەغەز ساندۇقچىلار بىلەن خېلىلا تارچۇقتەك كۆرۈنەتتى. كارىۋاتلاردىكى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ بەزىسى رەتلىك يىغىلغان، بەزىسى يىغىلمىغان، تاملارغا چاپلانغان كىنو چولپانلىرى، پۇتبول چولپانلىرىنىڭ، ئارتىسلارنىڭ رەسىملىرى، ئانچە - مۇنچە تاماكا قالدۇقى تاشلانغان پول، دېرىزە تەكچىسىدىكى رەتلىك تىزىلغان قاچا - قۇچىلار، چايدان، چىش چوتكىلىرى

سېلىنغان كورۈشكىلار . . . مانا بۇ توقسىنىنچى يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقى.

قەزىر قاپىقى تۈرۈلگەن هالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ، قولتۇقىدىكى قېلىن كىتابنى دېرىزىنىڭ سول تەرىپىدىكى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ، ئېغىزدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ ئۈستىدىكى كارىۋاتنىڭ سىملىرىغا تىكىلگىنىچە ياتقان خالمۇراتقا يېقىن كېلىپ، ئېڭىشىپ يۇراپ باقتى ۋە ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قايناشقا باشلىدى.

ــ يەنە ئىچىۋاپسەنغۇ؟ بۇگۈن كەچلىك مۇزاكىرىگە كىرمىدىڭ، نەگە كەتتىڭ ـ دېسەم ئەسلىدە قاۋاقخانىدا يۈرۈپتىكەنسەن ـ دە؟ خىجىل بولساڭچۇ؟ . . . قويە سېنى، هە ــ تاماكاڭدىن بىر تال بەرمەمسەن؟

خالمۇرات قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قەزىرگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ تىكىلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ خېلى ئاۋارە بولۇپ، تاماكىسىنى تاپتى ۋە بىر تال ئېلىپ قەزىرگە سۇندى.

ــ سەرەڭگەڭنىمۇ بەرمەمسەن؟

ــ ئاۋۇ يەردە.

قەزىر تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى. خالمۇرات ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەزىرگە قارىدى ۋە ئەيىب‌ـ كار تەلەپپۇزدا، ــ ئىچىم پۇشۇپ . . . كەچۈرگىن، ئازراق ئىچتىم، راست بەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى . . .

ــ مېنىمۇ ئېلىۋالساڭ بوپتىكەن، مەنمۇ بىر ئىچەركەنمەن بۈگۈن . . .

خالمۇرات بىردىنلا جانلاندى:

ــ ياتاقتىلا ئېلىپ كىرەيمۇ ــ يا، بەش مىنۇتتىلا كىرىمەن.

ــ بولدىلا، كەچ بولۇپ كەتتى، مەمۇر كىرمەيدىغۇ؟

ئۇلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا باشقا ياتاقداشلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ياتاققا كىرىشكە باشلىدى. خالمۇرات بىلەن ئۇدۇل كارىۋاتتا ياتىدىغان غالىب بۈگۈن ئالاهىدە خۇشخۇي، زوۋاندازلىق بىلەن خالمۇراتقا ــ «بۇگۈنمۇ ئەرشنى مالىمان قىلغان ئوخشىمامسەن ئاداش» دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خالمۇرات ئۈستىدىكى چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. دائىم قىزىق ـ قىزىق لەتىپە، يۇمۇرلارنى توقۇپ يۈرۈپ «نەسىردىن ئەپەندى II» دەپ لەقەم ئالغان نەسىردىن خالمۇراتنىڭ مەستلىكىنى بىلىپلا كارىۋاتلار ئارىسىدىكى تارچۇقتا توختىماي مېڭىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى سۆزلىرىگە ماس هەرىكەتلەر بىلەن پۇلاڭلىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قاراڭلار ئاغىنىلەر، مۇنداق بوپتۇ: ساۋاقدىشىمىز خالمۇرات قېيىۇمجان بۇ يىل ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇهەببىتىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپ شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىگەچ «هاماقەتلەر مەيخانىسى» دا، كېچىسى باغچىدا تونەيدىغان ماكانسىز دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ دېمەمسىلەر؟ هە . . . شۇنداق قىلىپ باللار بايرىمىنىڭ خۇشاللىقىنى هېلىقى نازىنىنىنىڭ هەسرىتىگە قوشۇپ تازا ئىچىپتۇ. نى چاغ بولغان بىر ۋاقىتتا مەيپۇرۇش تۇڭگان ئۇنى قاۋاقخانىدىن هەيدەپ چىقىرىپتۇ. قارىسا هېلىقى ناماكان دوستلىرى يول ياقىسىدىكى سېسىق سۇ خەندىكىگە قۇسۇشۇۋاتقىدەك. بىزنىڭ خالمۇرات پالۋانچۇ ـ «قويەۋاي سەنلەرنى، مەنچىلىك ئىچىشەلمەيدىكەنسەن، ئاكاڭ قارىغاي ئون سەككىز ئاپقۇر ئىچىپمۇ تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاققا بارالايدۇ جۇمۇ! » دېگىنىچە «مەن مەست ئەمەس، يول ئېگىز ـ پەس» ، «ئاچ ئانا ئىشىكىڭنى مەست بولغان بالاڭ كەلدى» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ دەلدەڭشىگىنىچە كوچىلارنى ئالا قويماي چىڭداپ، مەي ئىلاهىغا چوقۇنۇپ ئاسفالت يولغا نەچچە قېتىم سۆيۈپ، هېلىقى مۇئەللىم قىزچاقنى ئەسلەپ، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى بىرمۇ بىر قۇچاقلاپ دېگەندەك ناهايىتى جاپالىق هالدا مەيخانىدىن مەكتەپكىچە بولغان يىگىرمە بەش مىڭ يوللۇق بۈيۈك ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، مەكتەپ ئالدىغا كەپتۇ، هە . . . مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق قارىسا ئالدىدىن

مەكتەپ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا ساقچىسى ئىككىسىلەن بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ قەھرىمانىمىز تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاقنىڭ دانىشمەن ھاراق چېمپىيونى ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇپتۇ - دە، غاچىلا قىلىپ يول ياقىسىدىكى ئەخلەت تۇڭىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. بۇ گۈزەل دۇنيادا ئۇنى شۇنداق شېرىن بىر ئۇيقۇ تۇتۇپتىكى، مەستۇ - مۇستەغرەقچىلىك ئىچىدە چۇش دېگىنىزغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا تاڭ يورۇپ كەتكەن، كىشىلەر يولدىن ئۆتۈۋاتقان، ئۇنىڭ مەستلىكى سەل يېشىلىپ كەتكەن بولغاچقا، خىجىل بولۇپ قېلىپ، چىقايمۇ - چىقمايمۇ دەۋاتسا ھېلىقى سۇلتان مامۇت ئاشخانىنىڭ تاڭجىگى بىر چېلەك يوندە ئارىلاش ئەخلەتنى ئۇنىڭ بېشىغىلا تۆكۈۋېتىپ، ئەخلەت تۇڭىنىڭ قاپقىقىنى يېپىپلا كېتىپ قاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئاداش نۆۋەتتىكى پالاكەتچىلىكنى ۋە بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلىۋاتسا مۇھىت تازىلىق ئىدارىسىنىڭ ئەخلەت توشۇش ماشىنىسى يېتىپ كېلىپ، جالاق - جۇلۇق، شالاق - شۇلۇق قىلىپلا بۇ ئاداشنى كوزۇپتىكى ئەخلەت دېگىنىزغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ باغرىدا قاماقتىن قۇتۇلۇپ، شۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ماڭنىيور-دىن بىرسىنىڭ كونا كىيىمىنى ئارىيەت ئېلىپ كىيىپ، ئەتىسى كەچتە ۋەتەنگە يەنى تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاققا قايتىپ كەلگەن گەپ.

نەسىردىنىنىڭ بۇ ئۇزۇن چۆچىكى ئاياغلاشقاندا ساۋاقداشلار قورساقلىرىنى تۇتۇپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ كەتتى. ياتاقتا كېيىنرەك كىرىپ قەزىرنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان مەمۇرمۇ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئاران - ئاران توختاپ:

— ھەي نەسىردىن II ، بۇ گەپنى نەدىن تاپقانسەن؟ — دېدى.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىمۇ قانداق؟

— يامان نېمىدە بۇ.

— ھېلىقى ساقچىدىن قورقۇپ ۋاي - ۋاي، ھا... ھا... ھا...

ئۇلار كۈلۈشەتتى. خالمۇراتمۇ خىرىلداپ كۈلگىنىچە «ھەي ۋالاقتەككۈرۈپ سەن چوقۇم ئېغىزىڭدىن جان بېرىسەن جۇمۇ؟» — دېدى - دە، ئايغىنى سېلىپ ئۈستىدىكى كارىۋاتقا چىقىپ كىيىملىرى بىلەنلا يوتقان ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

تەبىئىيكى بۇنداق پاراڭلار ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا ھەر ئاخشىمى داۋاملىشىدۇ. ياتاقتا ئىلگىرى - كېيىن كىرگەنلەر گاھىسى ئاياغلىرىنى مايلىسا، گاھىسى چىش چوتكىلاش ئۈچۈن سۇخانىغا چىقىپ كېتىدۇ. بىرلىرى داسقا سۇ ئېلىپ كىرىپ پۇتىنى يۇيىدۇ. بىرلىرى كارىۋىتىدا يېتىپ دەرس تەكرارلايدۇ ياكى كىتاب ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا بۈگۈن ئۆتكەن دەرس ياكى قانداقتۇر بىر مەزمۇن، قايسى بىر مۇئەللىم ياكى قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ ھاراق ئىچىپ يىقىلىپ قالغانلىقى، كىملەرنىڭ ئۇرۇشۇپ قان بولۇشۇپ كەتكەنلىكى، قايسى بىر فاكۇلتېتتا قانداقتۇر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەيدەلگەنلىكى؛ بۈگۈنكى خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت، گېزىت - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى، ھاۋارايى، ئاشخانىدىكى تاماق ئەھۋالى، كىمگە خەت كەلگەنلىكى، كىمگە كەلمىگەنلىكى، ئائىلە ئەھۋاللىرى... ئىشنى قىلىپ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئاسماندىن - زېمىنگىچە، خىلمۇ خىل پاراڭلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ ئۆتىدۇ. ئاندىن ساۋاقداشلار بىر - بىرلەپ ئۇخلاشقا باشلايدۇ. ياتاق بىناسىنىڭ كارىدورىمۇ جىمىپ قالىدۇ. ئەمدىلىكتە قانداقتۇر بىر ياتاقتا بىرلىرىنىڭ گىتار ياكى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىلىرى، ئانچە- مۇنچە ئىچىۋالغانلارنىڭ ياتاق ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ ھۆركىرەپ تۇرۇپ قاتتىق يېپىشلىرى، بەزى چاغلاردا مەستلەرنىڭ قاتتىق ھۆركىرەشلىرى ئاڭلىنىپ ئاستا - ئاستا تىنجىيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردىمۇ يەنە بەزى ياتاقلاردا بىر ئىككىسىنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرى بىلەن، بەزى

بىرلىرىنىڭ ناھايىتى قىزىق رومانىنىڭ ئاخىرىسىنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن ياققان شامنىڭ يورۇقى، بەزىلەرنىڭ يېنىك خورىكى، سائەت ئون ئىككى ـ بىرلەردە پۈتۈن جاھان ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتە كەچلىك ھەرىكەت تەرتىپى مانا مۇشۇنداق.

تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاقتىكى ساۋاقداشلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۇيقۇغا كەتتى. پەقەت قەزىر بىلەن مەمۇرلا ئۇخلىمىغان. ئۇلار بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار باشتا كۈندىلىك ئادەت پاراڭلىرىنى قىلىشتى. بۈگۈن مەمۇر قەزىرنىڭ روھىي ھالىتىدىن قانداقتۇر بىر غەيرىيلىكنى سېزىپ قالغاچقا، ئۇنى «راھىلە بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ پاراڭنى تەبىئىي ھالدا قىزلار تەرەپكە بۇرىدى.

ـ مېنىڭچە قىزلار كىرىش سۆزى ياكى قىسقىچە مەزمۇنى ھەتتا مۇقەددىمە خاتىمىسىمۇ يېزىلمىغان مۇرەككەپ بىر كىتابقا ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى بۇ كىتاب ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ چۈشىنىلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى چۈشەنگەن، بىلىۋالغانلاردىن قاچىدۇ. شۇڭا، مەن قىزلارغا ئارىلىشىشتىن قاچىمەن. توغرىسى قىزلارنى چۈشىنىپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېئاللىقتىكى قىزلار بىز ئوقۇغان كىتابلاردىكى، بىز كۆرگەن كىنولاردىكى قىزلارغا ئوخشىمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھازىرقى قىزلىرىمىز ئۆزگىچە بىر دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. چۈشىنىش، ئايرىۋېلىش قىيىن بولغان بۇ زامان ماھىيىتى، ماكان چەكلىمىلىكى پۈتۈن قىزلاردا، ياق ـ پۈتۈن بىر خەلقتە ئۆزگىچە بىر روھىي ھالەتنى پەيدا قىلماقتا. روشەنكى، بۇ ھالەت كېيىنچە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىمىز ۋە ئاڭ تەپەككۇرىمىزدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. گەرچە مەن ھازىر بۇ ھالەتنى تازا ئېنىق شەرھلىيەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن يەنە مۇشۇ ئومۇمىي ھالەتنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئەنسىرەيمەن. . .

مەمۇر بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇۋا ئاي نۇرىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇردى. ياتاقتا بىر دەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. قەزىر كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ يېنىچە ياتتى. ئۇ ئۆزىگە سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ گەپ باشلىدى.

ـ سەن، مەسىلىگە بەك چوڭقۇر قاراپ كېتىپسەن مەمۇر، باشتىكى گەپلىرىڭ بىر ئاز ئورۇنلۇق. ئەمما، كېيىنكى گەپلىرىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز، چۈنكى پۈتۈن بىر خىل روھىي ھالەت يەنى دەۋر ئېڭى ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا بۇ خىل ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن شۇ جەمئىيەت ئۆزگەرتمىسە ئۇنى شەخسىي تىرىشچانلىقلار ھەل قىلالمايدۇ. جەمئىيەتتىكى بەزى ئىشلارنى بىر نەچچە پارچە ماقالە يېزىش، گېزىت ـ ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئاسانلا ھەل قىلىپ تۈگەتكىلى بولمىسا كېرەك. سېنىڭ «ئۆزگىچە زامان» دېگىنىڭگە بىر ئاز قوشۇلىمەن. بىراق شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى ھازىرقى دۇنيا، بۈگۈنكى زامان ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى ـ يېڭى ئۆزگىچىلىكلەر ئىچىدىن تۇغۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر ئەڭ قىسقىسى ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك. ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ تەرەققىياتىغا، مەنىۋىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك.

ـ كونكرېتراق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشەيلى.

ـ سەن باشتا، قىزلار مۇرەككەپ مەزمۇنلۇق كىتابقا ئوخشايدۇ، ئۇلارنى چۈشىنىشتىن قورقىمەن دېدىڭ، ئەمەلىيەتتە قىزلارنى كىتابقا ئوخشىتىشىڭ توغرا ئەمەس. چۈنكى يەنە كېلىپ مۇرەككەپ مەزمۇنلۇق كىتاب بولمايدۇ.

ـ نېمىشقا شۇنداق بولمايدىكەن؟

ـ توختاپ تۇر، كىتابتا يېزىلغان نەرسىلەر قالايمىقان بولسا، بەزى جايلىرى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىسا، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەستەك بولۇپ قالسا بۇ كىتاب بىزگە مۇرەككەپتەك بىلىنىدۇ. ئەمما بەزى

چاغلاردا ئەڭ مۇرەككەپ دېگەن نەرسىلەر بەك ئاددىي بولىدۇ. مەن ئەدەبىي كىتابلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن جۇمۇ؟ دۇنيادا ئىنساندەك مۇرەككەپ نەرسە بولمىسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتنى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىرى دېسەك بولىدۇ. ئويلاپ باق، فرانسىيە شائىرى ئېلۇئتنىڭ «جەزىرە» دېگەن ئەسىرى ھازىر چۈشىنىش ئەڭ قىيىن بولغان ئەسەر دېيىلىۋاتىدۇ. بىراق مېنىڭچە بۇ پەقەت ئېلۇئتنىڭ فرانسۇز تىلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتەلىگەنلىكىدىكى بەدىئىي ماھارىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا بۇ ئەسەر باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا ئەسلى تېكىستتىن ئىككى ھەسسە كۆپرەك ئىزاھات يېزىشقا توغرا كەلگەن. بولمىسا بۇ ئەسەر مەيلى قانداق ئېقىم، قانداق ئۇسلۇبتا يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر مۇرەككەپ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا سېنىڭ ئادەملەرنى كىتابقا ئوخشىتىشىڭ توغرا بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن باشتا رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ كىتابلاردىكى، كىنولاردىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ دېدىڭ. شۇڭا سېنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرىڭدە زىتلىق بار. سەن ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇۋەرمەي، پەلسەپە، تارىخ، ئېستېتىكا... قاتارلىقلارغا دائىر ئىلمىي كىتابلارنىمۇ كۆرگىن.

— بولدىلا، يەنە ئابستراكتنى ئوقۇملار دائىرىسىگە كىرىپ قالدۇق.

— مەمۇر، سېنىڭ «قىزلارنى چۈشىنىشتىن قورقىمەن» دېگىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزۈڭدىن قورققانلىق. سەن ئۆزۈڭدىن قورقۇۋاتىسەن، چۈنكى، سەن ئېتىراپ قىلمىغىنىڭ بىلەن بەرىبىر، سەن بىر قىزنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقان ۋاقتىڭدا يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزۈڭنىمۇ چۈشەندۈرۈۋاتقان بولىسەن. ۋاھالەنكى، چۈشەنمىگەن نەرسىنى چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. دېمەك سەن ئۆزۈڭنىمۇ چۈشىنىپ قالغان. شۇڭا سەن ئۇ قىزنى چۈشىنىش جەريانىدا ئېھتىمال ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بولمىسا ئۇنى چۈشىنىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ سېنىڭ بۇ يەردە قىزلارنى چۈشىنىشتىن قېچىشىڭ قەلبىڭدە تۇيدۇرماستىن بىخ سۈرۈۋاتقان مۇھەببەتتىن قېچىش. ئەمما، بۇ بەك خەتەرلىك ئەھۋال دوستۇم. سەن ئۇنىڭدىن قانچە قاچقانسېرى ئۇ سېنى شۇنچە تېز قوغلايدۇ. مەن بىر كىتابتىن: «مۇھەببەت خۇددى قىزىل چىقىش كېسىلىگە ئوخشاش ئادەم ھاياتىدا چوقۇم بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ كېسەل شۇنچە ئاسان ساقايمايدۇ» دېگەن گەپنى ئوقۇغان. دېمەك ئۇنىڭدىن قېچىش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز. بەلكى قەلبىمىزدىكى مۇھەببەت قانچە كۈچەيگەنسېرى بىز ئۇنىڭغا شۇنچە رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇشىمىز كېرەك. مۇھەببەتكە ئۆزىمىزنى تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالايمىز. ھىجران دەمسەن؟ ياق دوستۇم ھىجران ئازاب ئەمەس. ئۇ پەقەت ۋىسالنىڭ مۇقەددىمىسى. مۇھەببەت ھىجرانى بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنچە تاتلىق.

— بەك شائىرانە سۆزلەپ كەتتىڭغۇ ئاخىردا؟

— ياق ئاداش، بۇ شائىرانە سۆزلەر ئەمەس، بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم. ئەمەلىيەتنىڭ خۇلاسىسى. بىراق بۈگۈن مېنىڭ شائىر بولغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەپسۇس شائىر بولالىغان بولسام كېچىچە ئۇخلىماي بىر داستان يېزىپ چىقاتتىم.

— ئەپكەل تاماكاڭنى، مۇشۇ بىر نېمىگىمۇ ئۆگىنىپ قالدىغان ئوخشايمەن.

قەيزىر مەمۇرنىڭ قولىدىكى يېرىم قالغان تاماكىنى ئالدى. ئۇ يوتقاندىن بېلىگىچە سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى.

جىملىقنى يىراقتىكى زاۋۇتلارنىڭ تاراقلاشلىرى، ماشىنىلارنىڭ يىراق - يىراقلاردىن گۈرۈلدەشلىرى ۋە ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنىڭ ئىغىر - يېنىك پۇشۇلداشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. ئاپئاق ئاي نۇرى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتقان خالمۇراتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ساقاللىق يۈزى، ئېگىز قاڭشالىق بۇرنى ۋە چېكىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن ئۆسكىلەڭ چاچلىرىدا ئوينايتتى.

مەمۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، مايكىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇ قەزىرنىڭ پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىغا قاراپ كۆيۈنگەن هالدا:

ـ نېمە بولدۇڭ قەزىر، راهىلە بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ـ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك، دوستىغا كۆيۈنۈش هېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى.

ـ شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىم. ئەمما بۈگۈن سورىما، ئۇخلايلى، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەتە كونسۇلخانىغا (?) كونسۇلتاتسىيە قىلىمىز ئەمەسمۇ، ئەتىگەن تۇرمىساق بولمايدۇ،ـ قەزىر تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يوتقانغا پۈركەلدى.

مەمۇر ئېغىر تىنىپ قويۇپ ياستۇقىغا بېشىنى قويدى ۋە قانداقتۇر باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارنى سۈرگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

× ×

بۈگۈنكى كونسۇلتاتسىيە، ناۋاينىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاۋۋال بىر ـ ئىككى قىز ئاندىن نۆۋەت بويىچە قەزىر، مەمۇر، نەسىردىن، غالىبلار ئۆزىنىڭ كونسۇلتاتسىيە ماقالىسىنى ئوقۇدى. ئەمدى نۆۋەت راهىلەگە كەلگەنىدى. راهىلە ئاقپىشماق، كەڭ يۈزلۈك زىلۋا قىز ئىدى. ئۇنىڭ تال ـ تال كىرپىكلىرى ئاهۇنىڭكىدەك يوغان كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزۈن چاچلىرىنى سىلىق تاراپ كەينىدىن بوغۇۋالاتتى. ئۇ ئادەتتە ئانچە مودا قوغلىشىپ كەتمىسىمۇ زىلۋا بويىغا ماس كېلىدىغان يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگەچكە، بىرلا قارىماققا ئاددىي ـ ساددا قىزلاردەك تەسىرات بېرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، ئەخلاقلىق قىزلاردىن بولۇپ، سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچى هېسابلىناتتى.

راهىلە ماقالىسىنى ئوقۇۋاتقاندا قەزىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. يورۇق ـ ئازادە، بىرلەشمە سىنىپتا ئەللىككە يېقىن ئوقۇغۇچى جىمجىت ئولتۇرۇپ، كونسۇلتاتسىيە ئاڭلىماقتا. ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز، تاتىراڭغۇ چىراي مۇئەللىم تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى قولى بىلەن پات ـ پات تاراپ قويۇپ، مۇنبەرگە يېقىنراق بىر جايدا ساۋاقداشلارغا يېنىچە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، تاتىراڭغۇ يۈزىدە مەڭگۈ يوقالمايدىغان بىر تەبەسسۇم، سۆيۈنۈش ۋە مەمنۇنىيەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مەمۇر ئاستاغىنە سەزدۈرمەستىن قەزىرگە قارىدى. قەزىر ئۈستەلگە تايىنىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە ئاڭلىماقتا. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن بىراق مېڭىسىدە ئاخشام راهىلە بىلەن قىلىشقان پاراڭلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئاخشام قەزىر ئۆزى تەييارلىغان كونسۇلتاتسىيە ماقالىسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ بەزى جايلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەتكەندىن كېيىن، كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ تارتمىغا سالدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغان راهىلەگە قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ راهىلەنىڭ قېشىغا باردى. راهىلەمۇ ماقالىسىنى يېزىپ بولۇپ، قېشىدىكى سېرىق چىراي قىز بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ـ راهىلە، ماقالىڭىزنى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟

ـ هەئە.

ـ خالىسىڭىز بىردەم ئايلىنىپ كىرسەك،ـ قەزىرنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل تەڭقىسلىق، ئىزتىراپ چىقىپ تۇراتتى. كۆزلىرى بولسا راهىلەگە ئۆتۈنۈش ئارىلاش بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن تىكىلەتتى.

راهىلە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قېشىدىكى ساۋاقدىشىغا قارىدى. ئۇ قىز «چىقىۋەر دوستۇم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى ۋە قانداقتۇر بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. قەزىر ئاللىقاچان ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغانىدى.

راھىلە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى. بەزىلەر كىتاب ئوقۇۋاتقان، بەزىلەر خىيال سۈرۈۋاتقان، بەزىلەر خەت يېزىۋاتقان، ئىشنى قىلىپ ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن، راھىلە چىقىۋېتىپ سىنىپنىڭ ئارقا تەرەپ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان مەمۇرغا قارىدى. مەمۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. راھىلە ئاستا تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

قەزىر بىلەن راھىلە سىرتقا چىققاندا ئەتراپ سۈترەڭ ئاي نۇرىغا چۆمگەنىدى. ئۇلار بىنا ئالدىدىكى ئالمىلىق باغنى ئايلىنىپ ئاستا مېڭىشتى، قەزىر گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي پات ـ پات ئاسماندا ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ قوياتتى. راھىلە بولسا قانداقتۇر بىر ناخشىغا بوش غىڭشىغىنىچە چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى.

قەزىر راھىلەنىڭ بۇنداق پەرۋاسىز ھالىتىگە نارازى بولغاندەك قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى. دېمىسىمۇ بىر قىز بىلەن بۇنداق ئايدىڭ ئاخشامدا ئۈن ـ تۈنسىز يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ ـ دە.

ــ كونسۇلتاتسىيە تەييارلاش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى ـ ھە؟ . . .

ــ شۇنداق، ــ راھىلە تىنىمسىز ئويناۋاتقان چېچىنى ئارقىغا تاشلاپ سۆزلەپلا كەتتى. ــ قارىمامسىز، بولۇپمۇ ماڭا خېلىلا تەس چۈشتى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن شېئىرىيەتكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك شېئىر بولغاچقا، كۆرسىتىپ بېرىلگەن شېئىرلارنى بەك تەستە ئوقۇپ بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم چاغاتايچە سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. يا لۇغەت يوق بەك قىينالدىم دەڭا، ــ راھىلە قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئەركىن سۆزلەيتتى. قەزىر راھىلەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل تىنجىدى بولغاي:

ــ راست، ناۋايىنىڭ شېئىرلىرى بەك يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە بىلەن يېزىلغان. تىلىمۇ تاۋلانغان بولغاچقا، چۈشەنمەك تەسرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەندەك ھازىرغىچە بىرەرمۇ چاغاتايچە لۇغەت تۈزۈلمىدى. بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا چاغاتايچە يېزىلغان ئەسەرلەر بەك جىق، شۇڭا، بۇنىڭغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدىكەن. بىزمۇ مەمۇرلار بىلەن بىرلىكتە بىر مۇنچە كىتابلارنى كۆردۇق. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستازلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. بىزگىمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. ئەتە بىر مۇنچە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇيدىغان گەپ دەڭا تېخى. قانداق پىكىرلەر چىقاركىن، ساۋاقداشلار نېمىلەرنى سورىشاركىن، شۇلارنى ئويلاپ مەنمۇ جىددىيلىشىۋاتىمەن.

ــ مەمۇر بىلەن ئىككىڭلار بەك يېقىن دوستلار ـ ھە؟ بەزى چاغلاردا ئىككىڭلار بېشىڭلارنى بىر يەرگە قىلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتسەڭلار، سىلەرگە ھەۋەسىم كېلىپ، ئىچىم قايناپ كېتىدۇ. راھىلە بوش كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى قەزىرنى تېخىمۇ روھلاندۇردى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئاستا مېڭىپ كۇتۇپخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى ۋاسكىتبول مەيدانىغا كېلىپ، سېمونت پەشتاختا ئولتۇرۇشتى. مەكتەپ ئىچىدە كەچلىك سەيلىچىلەرمۇ خېلى كۆپىيىپ قالغانتى. گۈللۈكلەردە، بىنالارنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇ جايلاردا، يوللاردا جۈپ ـ جۈپ يۈرۈشەتتى. ئەنە، قەزىرلەردىن سەل يىراقراق بىر جايدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. راھىلە بىلەن قەزىر بىر ئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئارىسىدا بولىدىغان ئادەتتىكى پاراڭلارمۇ تۈگىگەنىدى.

ــ ئۆيىڭىزدىن خەت كېلىپ تۇرامدۇ؟

ــ ھەئە، خەت كېلىپ تۇرىدۇ.

گەپ يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. قەزىر ئويلايتتى. «راھىلە ئۆتكەندە دېگەن گەپلىرىمنى ئويلانغانمىدۇ؟ نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟ مۇئامىلىسىغۇ خېلى ياخشى، بولمىسا قىزلار بىرسىدىن ‹سىزنى ياخشى كۆرىمەن›، دېگەن گەپنى ئاڭلىسا بىر

مەزگىل ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. ئەمما راھىلە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى، بۈگۈن نېمە دەر؟ ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟...» قەزىر ئوڭايسىزلىنىپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. «ھەي، تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قويساممۇ بوپتىكەن، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر تال چېكىۋېلىپ كەيپىياتىمنى ئوڭشىۋالاتتىم» قەزىر ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ راھىلەگە كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ:

— راھىلە، ھە... ئۆتكەندە دېگەن گەپلىرىمنى ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟

گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بۇ تۆت يىل جەريانىدا نۇرغۇن گەپلەر، كۈلكە ـ چاقچاق، پاراڭ ـ سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، كىشىلىك ھېسسىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ نازۇك مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ھە دېگەندىلا يۇرۇشمەيۋاتاتتى. قەزىر توپتوغرا ئىككى يىل تېڭىرقاپ ئىزتىراپ چەكتى، ئازابلاندى. ئۇ راھىلەنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما قەلبىدە تۇنجى قېتىم جۇش ئۇرغان يالقۇنلۇق سۆيگۈنى ئىزھار قىلىش، يۈرىكىنى راھىلەگە چۈشەندۈرۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. مۇشۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، قەزىر ئازراق ھاراق ئىچتى ـ دە، راھىلەنى سەيلىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ، ئىنتايىن تەسلىكتە بىر نېمىلەرنى دەپ قەلبىنى ئىزھار قىلدى. قىزلار ئادەتتە ھاراق ئىچىپ ئۆزىگە تەلەپ قويغان يىگىتلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلارغا ئاچچىقى كېلىدۇ. يىگىتلەرنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىپ ئۆزىگە تەلەپ قويغانلىقىنى بىر خىل ھاقارەت دەپ چۈشىنىدۇ، بىراق راھىلە قەزىرگە ئۇنداق قارىمىدى، يا تىللىمىدى، يا سىلكىمىدى. ئۇ قەزىرنىڭ سۆزىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئادەتتە يىگىتلەرنىڭ ھاراق ئىچىۋالغاندا، كۆڭلىنىڭ ئىنتايىن نازۇكلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى راھىلە بىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ، «ئويلىنىپ باقاي» دەپلا كېتىپ قالدى. مانا بايا ئۇ سىنىپتىن چىققاندا بۈگۈن چوقۇم شۇ پاراڭنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى پەملىگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى تەييارلىقى بولغاچقا، تارتىنمايلا قەزىر بىلەن سەيلىگە چىققانتى.



راھىلە قەزىرگە قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر دەقىقە ئۇچراشتى. راھىلەنىڭ كۆزلىرى خۇددى رامىزان ئايلىرىدىكى ئىپتار يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇراتتى. قەزىر بۇ كۆزلەردىن چەكسىز ساداقەت، دوستلۇق مېھرى ۋە سەممىيلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ئىچ ئاغرىتىشتەك غەيرىي ھېسسىياتنى ئاپئاق ئايدىڭ ئاخشام بولۇشىغا قارىماي شۇنچە ئېنىق بايقىۋالدى.

— ئويلاندىم قەزىر، — راھىلە بىردەم تۇرۇۋالدى، قوللىرىنى تىزلىرى ئارىسىغا ئېلىپ مۈرىسىنى قىستى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلاردىن مەدەت تىلىگەندەك ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، داۋاملاشتۇردى، — ئويلاندىم، ئۇ كۈنى سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز باشقىچىرەك ئىكەن، شۇڭا... — ئارىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. گۈللۈكلەردىن، ئارچىلارنىڭ تۈۋلىرىدىن بوش پىچىرلاشقان ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى.

— قەزىر، ئەسلى بىز يېقىن دوستلاردىن شۇنداقمۇ؟ — قەزىر بۇ سوئالنىڭ ئۆزىدىن سورۇلۇۋاتقانلىقىنى ياكى

راھىلەنىڭ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي راھىلەگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇۋەردى.

— شۇنداق، بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلاردىن بولمىساقمۇ، بىراق مەكتەپكە كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئىنتايىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتتۇق. بىز بۇ جايغا يىراق - يىراقلاردىن كېلىپ بىرلا غايە، بىرلا مەقسەت - ئىلىم ئېلىش، ياراملىق ئادەم بولۇشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋە يۇرت، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئېلىپ تاتلىق ھېسلار بىلەن ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىردۇق... مەن كىچىكىمدىن تارتىپ يالغۇز ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركە ئۆسكەن بولغاچقا، باشتا مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە «تونۇمايدىغان باللار بىلەن قانداق چىقىشىپ ئۆتەرمەن» دېگەن ئەندىشە بىلەن ئاشۇ سىنىپقا كىردىم، ئەمما سىلەر، بولۇپمۇ سىز ۋە مەمۇر قاتارلىقلار ماڭا ھەقىقىي دوستلۇق ئاتا قىلدىڭلار، دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردۇڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەردىن مەڭگۈ مىننەتدار بولۇپ ئۆتىمەن...

ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى.

قەزىر راھىلەنىڭ تىزلىرى ئۈستىدىكى قوللىرىنى ئاستا تۇتتى. ئۇنىڭ قوللىرى يۇمشاق ۋە ئىسسىق ئىدى. راھىلەنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم تارقالدى، ئۇ تىترەپ كەتتى. قوللىرىنى قەزىرنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ يىغلامسىراپ، — ئۇنداق قىلماڭ قەزىر ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى كەچۈرۈڭ... — ئۇ بىردىنلا يىغلىۋەتتى، قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ بېشىنى ئەگدى. قەزىر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ راھىلەنى رەنجىتىپ قويغانلىقىغا ئۆكۈندى، ئىچىدە ئۆزىنى كايىدى.

— بولدى يىغلىماڭ راھىلە! بولدى قىلىڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن... ئۇ ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى چاچلىرى ئارىسىغا تىقىقىنىچە جىمىپ قالدى.

راھىلە ئۆكسۈپ، ئېسەدەپ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئاسماندىكى سۈزۈك ئەينەكتەك تولۇنئاي ئاپئاق نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچقىنىچە خىرامان ئۈزەتتى. كىچىك بىر پارچە بۇلۇت قاپقارا بەستى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

— شۇنداق قەزىر، مېنى كەچۈرۈڭ، — راھىلە تېخىمۇ بوش ئاۋازدا سۆزلەيتتى. — ئەسلى سىز ماڭا بۇنداق تەلەپنى قويمىسىڭىز بولاتتى، مەن... مەن ئامالسىز قەزىر، سىزمۇ بىلىسىز، مۇھەببەت چاقچاق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكىم سىز مېنى چىن يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرەرسىز، ئەمما مەن... مەن نېمە دېسەم بولار... مەن باشقا بىرسىنى... — ئۇ يەنە ئۆكسۈپ كەتتى.

— بولدى سۆزلىمەڭ، باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرىسىز شۇنداقمۇ؟

راھىلە ئۈندىمەي بېشىنى لىڭشىتتى.

— دېمەك مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز - دە؟ سىز... قەزىرنىڭ قەلبىنى غايىبانە بىر رەشىك ئوتى ئۆرتەپ كەتتى.

— ياق قەزىر، مەن سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، سىز مېنىڭ ياخشى دوستۇم، مېنى چۈشىنىڭ، بىز دوست پېتى ئۆتۈپ كېتەيلى، بولامدۇ؟ — راھىلەنىڭ ئاۋازى شۇقەدەر بوش، شۇقەدەر مۇڭلۇق ئىدى، — سىزنىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلار چىقىدۇ...

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولغانىدى. ئەتراپنى غۇۋا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن قەزىر ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— تۇرۇڭ ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ قوياي، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — قەزىر جىمىدە ئولتۇرغان راھىلەگە قاراپ خورسىنغان ھالدا، — مەن يەنىلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن...

— ياق قەزىر، مەن مۇشۇ يەردە بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇۋالاي، سىز كېتىۋېرىڭ. قەزىر ئامالسىز راھىلەنى يالغۇز قالدۇرۇپ،

ئېغىر قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ، پەشتاقتىن چۈشۈپ ياتاق تەرەپكە ماڭدى. تۈنجى مۇھەببەتنىڭ تۇنجى زەربىسى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنتى.

قەزىر ئەسلىمىلەر قوينىدىن ئۈزۈپ چىققاندا، ئابدۇقادىر مۇئەللىم ساۋاقداشلار-نىڭ كونسۇلتاتسىيە قىلىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلىۋاتاتتى.

ــ ئومۇمەن زور كۆپچىلىك ساۋاقداشلار كونسۇلتاتسىيە ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، ماتېرىيال كۆرگەن، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ھە ... ناۋايى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر كىشى، ئۇنى بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋايىنى تەتقىق قىلىش، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كامالەت نەمۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىش كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى بىر بوشلۇق ... مەن بۇ قېتىمقى كونسۇلتات-سىيىنى ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دەپ قارايمەن. ساۋاقداشلار بۇ تېما ئۈستىدە يەنە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئېلىپ بارسا بولىدۇ...

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئۇن نەچچە ئوقۇغۇچى سىنىپتا قېلىپ قىزغىن مۇنازىرە باشلىۋەتكەندى. مەمۇر، راھىلە، نەسىردىنلەر بۇ مۇنازىرىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. قەزىر بىلەن خالمۇرات بولسا مۇنازىرىگە قۇلاق سېلىپ جىممىدە ئولتۇراتتى. قەزىر ئېھتىمال بايامقى ئەسلىمىلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان بولسا كېرەك، چىرايى سولغۇن، كەيپسىز ئىدى. خالمۇرات بولسا ئاخشامقى مەستلىكنىڭ تەسىرىدە خاراموش ئولتۇراتتى. قەزىر كېچىچە ئۇخلىيالمىغاچ-قىمۇ قارامتۇل سوزۇنچاق يۈزى پۇرۇشكەن، ئۆتكۈر كۆزلىرى خىرەلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن بىر خىل ئېچكى ئازاب، ئىلاجسىزلىقتەك بىر خىل مۇڭ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

نەسىردىن قىزىپ سۆزلەيتتى.

ــ توختاپ تۇرۇڭلار، بايا مەمۇر ماقالىسىدا ناۋايىنىڭ پەلسەپە ئىدىيە سىستېمىسىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك ئامىللاردىن ئىزدەش كېرەك، ــ دېدى. ئۇنىڭدا ناۋايىنى ئۆز دەۋرىگە قويۇپ تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا زىت بولغان پىكىرلەر كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. يەنە كېلىپ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ناۋايىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيە ئامىلىدىن ئىزدىسەك بولمايدۇ. :.

ــ ياق نەسىردىن، ــ راھىلە ئۇلارغا يېقىنلىشىپ سۆز ئالدى، ــ مۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. بىز كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا مۇئامىلە قىلغاندا ئەلۋەتتە ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قاراپ تەنقىدى مۇئامىلە قىلىمىز.

ئۇ سەل تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ كەڭ ئاق يۈزلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزاردى، ئەمما بىز ماركسىزمدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر-نىڭ پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىنى، بۇ پەلسەپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىمىز دېسەك ئانچە مۇۋاپىق بولماس. بۇنداق قىلىش مېنىڭچە جەمئىيەت ۋە ئىدىيىلەر تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسىغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. سۆزىڭىزكى ھەر بىر قېتىملىق جەمئىيەت تەرەققىياتى ھادىسىسى روشەن ھالدىكى ئىدىيىلەر تەرەققىياتى بولدى. شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىگە سىز دېگەندەك تومتاق ھالدا قارىساق بولمايدۇ. ھە ... تۇنۇگۇن بۈگۈننىڭ ئۆلچىمى بولالمىغىنىغا ئوخشاشلا، بۈگۈننى ئۆتمۈشنى ئۆلچەيدىغان قېلىپ بولالمايدۇ ئەلۋەتتە.

ــ سىز ماركسىزمنى چەتكە قاقماقچىمۇ راھىلە؟ ــ راھىلەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر ساۋاقداش بۇ سوئال بىلەن راھىلەنى تەمتىرىتىپ قويدى.

ــ ياق، مەن ماركسىزمنى چەتكە قاقماقچى ئەمەسمەن. مەن ... مەن پىكرىمنى تازا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتىمەن. بىلىسىلەر، مەن

بۇنداق سورۇنلاردا تازا ياخشى پىكىر قىلالمايمەن، — راھىلە مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان مەمۇرغا لەپپىدە بىر قاراپ ۋىللىدە قىزاردى ۋە دۇدۇقلاپ، — مەن. . . مەن مۇنداقچە ئېيتسام، ناۋايىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيە ئامىلىدىن ئىزدىگەندىمۇ، ئۇنى ماركسىزم قېلىپىغا چۈشۈرۈۋالماي ئۆز دەۋرى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك دەيمەن.

مەمۇر سۆزلىمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىشىگە، نەسىردىن يەنە سۆزلەپ كېتىپ ئۇنىڭغا يول بەرمىدى.

— ئەمىسە قەيىر ماقالىسىدا ناۋايىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى پەرھادنىڭ يۇنان پەيلاسوپى سوقرات بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغانلىقىدىن چىقىپ ناۋايى پەلسەپە ئىدىيىسىنى شەرھلىدى. شۇنداقمۇ؟ ھە. . . ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ناۋايى پەرھادنى سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ؟ بۇ شەرق پەلسەپىسىنى يۇناننىڭ قەدىمكى ئودىئال پەلسەپىسىدىن ئوزۇق ئالغان دېگەنلىك بولامدۇ؟. . . نەسىردىننىڭ سېرىق يۈزلىرى ۋە ياپراقتەك تىترەپ تۇرىدىغان نېپىز لەۋلىرىدە ئۆزىنىڭ كارامەت بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك تەكەببۇر كۈلكىسى نامايان بولماقتا ئىدى.

— بۇنىڭغا قەيىر ئۆزى بىر نېمە دەپ باقسۇن، — دېدى. ئارىدىن بىرسى:

— شۇنداق، قەيىر ئۆزى بىر نېمە دەپ باقسۇن، — دېدى يەنە بىر قىزمۇ بۇ پىكىرنى ياقىلاپ.

ھەممەيلەن قەيىرگە قاراشتى. قەيىر ئۆزىگە نىسبەتەن بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئويلىمىغاچقىمۇ، تەرەپپال بىر نەرسە دېيەلمەي ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ سەل ئوڭايسىزلاندى ۋە مەمۇرغا قاراپ: — مەن نېمە دەيمەن؟ — دېدى. مەمۇر بولسا بېشىنى لىڭشىتىپ كۆزىنى قىسىپلا قويدى.

نەسىردىن يەنە سوئالنى تەكرارلىدى:

— سەن ماقالەڭدە دېگەندەك ناۋايى نېمە ئۈچۈن پەرھادنى سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ؟

قەيىر باشتا ئۇيان - بۇياندىن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تازا قولاشماي كېتىپ باراتتى. ئۇ بارا - بارا روھلىنىپ تېتىكلەشتى. ئەمدى ئۇ رەسمىي مەسىلىنىڭ ئۆزىگە كۆچۈپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— پەرھاد — شەرق خەلقلىرى تەپەككۇرىدىكى كامالەتكە يەتكەن چىن ئىنساننىڭ غايىۋى ئوبرازى. ئۇ ئىنسان جاسارىتىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۆلمەس قەھرىمان، ئەسىرلەردىن بېرى چىن سۆيگۈ يولىدىكى ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۈيلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك قەھرىمان شەرقنىڭ ئالەمشۇمۇل بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ناۋايى قەلىمى ئاستىدا ئۆزىدىكى چىن ئىنسانلىق خىسلەتلىرىنى تېخىمۇ يارقىن جۇلالاندۇرغانىدى. ناۋايى قەلىمى ئاستىدىكى پەرھادنىڭ يۇنانىستانغا سەپەر قىلىشى ۋە غارغا بېرىپ سوقرات بىلەن كۆرۈشۈپ تەلىم ئېلىشى ناۋايىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەپەككۇرىغا باشقىچە تۈس قوشقان. سوقرات پەرھادنى كۆرگەندىن كېيىن:

بىئەرۇر مىڭ يىلكى بولۇپ كوھسارى،
چېكەرمەن ھەققىدە مىڭ زارى.

دەپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پەرھادنىڭ قەدىمىگە ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەم ئۇنى ھەمراھلىرىدىن ئايرىپ ئېلىپ قېلىپ ھەقىقەت سىرلىرىدىن تەلىم بېرىدۇ.

قەيىر بىردىنلا توختىدى. سىنىپ ئىچى سۈكۈناتقا چۆمگەن. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى. راھىلە بويىنىنى قىسىپ ئۇنىڭغا قايىللىق ۋە قانداقتۇر بىر ئارمان نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. كارىدوردا بىرسى قانداقتۇر بىر خەلق ناخشىسىغا يۇقىرى ئاۋازدا تۈۋلىغىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قەيىرنىڭ مەردانە ئاۋازى سىنىپ ئىچىدە يەنە جاراڭلاشقا باشلىدى.

— بۇ ئۇچرىشىش ناۋايىنىڭ قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ياخشى تونۇشلۇقى بارلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىرگە، بۈيۈك شائىر نېمە ئۈچۈن قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن سوقراتنى تاللاپ قالغاندۇ؟ دېگەن سوئالنىمۇ ئويغىتىشى تەبىئىي. شۇڭا

نەسىردىننىڭ سوئالىمۇ ئورۇنلۇق. ئويلاپ بېقىڭلار! مېنىڭچە پەرھادنىڭ ئۆز سەپىرىدە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئەجدىھا ۋە قاراڭغۇ - زۇلمەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئەھرەمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ يۇنانغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە پىلاتون ۋە ياكى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان ئارىستوتېل بىلەن ئەمەس، بەلكى سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ھالبۇكى بۇ ناۋائىينىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدىكى بىر سىر، بىز ئۈچۈن بىر «تىلسىم» دۇر.

ناۋائىينىڭ نەزىرىدە «يۇنان پەلسەپىسى ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن بىر چوققا» بولۇپ، كائىنات ۋە ئىنسان سىرلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلاردىن بىرى ئىدى. شۇڭىمۇ ناۋائىي مەنىۋى دۇنياسىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلاردىن بىرى؛ «پەرھادنىڭ يۇنانىستانغا سەپەر قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سىرلىرىنى چۈشىنىش، ھەقىقەتنى بىلىش يولىدىكى ئورۇنۇشتۇر» دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان. قەدىمكى يۇناننىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سوقرات ئىنساننىڭ ئۆزىنى - ئۆزى بىلىش تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. مەلۇمكى ناۋائىينىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىنساننى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىگە قاراتقان. مانا مۇشۇ ئىدىيىنى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن. شائىرنىڭ پەرھادنى يۇنانغا ئەۋەتىشى ۋە سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدۇرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدا بولسا كېرەك، — دەپ قارايمەن. يەنە بىر تەرەپتىن ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرى كۆپ ھەم مۇرەككەپ، ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، بىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغانلىرىنى ئوقۇيالمىساقمۇ لېكىن چاغاتايچە يېزىلغانلىرىنى بىر ئامال قىلىپ چۈشىنىشكە تىرىشساق ناۋائىينىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن.

قەزىر سۆزىنى تۈگەتكەندە سىنىپ ئىچىدە يەنە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممەيلەن ئويغا چۆمگەنىدى. قەزىر بەك ھاياجانلانغانلىقىدىن بولسا كېرەك، تار پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى.

— ساڭا قايىلمەن قەزىر، — نەسىردىن ھاياجانلىق ئاۋازدا سۆزلىگەچ ئۈستەل - ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ قەزىرنىڭ ئالدىغا باردى، — رەھمەت ساڭا! بىزنىڭ سىنىپىمىزدىنمۇ كەلگۈسىدە بىر ئالىم چىقىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتسەم بولغۇدەك، — ئۇ قەزىرنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويۇپ «مۇنازىرە ئاخىرلاشتى» دېگەندەك شارتتىدە ئۆرۈلۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— قەزىر، كىتابنى بىكار ئوقۇماپسەن جۇمۇ؟

— سەندىن پەخىرلەنسەك بولغۇدەك!

ساۋاقداشلار قەزىرگە ھەر خىل باھالارنى بېرىشىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. راھىلە ئاخىردا سىنىپتا قېپقالغان قەزىر، مەمۇر ۋە خالمۇراتلارغا دەيدىغان قانداقتۇر بىر گېپى باردەك ئاغزىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. قەزىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ئۈستەلگە قاراپ جىم ئولتۇراتتى. راھىلە قەزىرگە بىردەم قاراپ تۇردى - دە، كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ ئاۋازى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

× ×

شەھەر ئاسمىنى سۈپسۈزۈك، بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق، قۇياشنىڭ تال - تال نۇرلىرى ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىدە، موكىدەك ئۆتۈشىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ پاكىز سۈرتۈلگەن گەۋدىلىرىدە، ئەينەكلىرىدە كۆزلەرنى چېقىپ جۇلالىماقتا. پىيادىلەر يولىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ گۈركىرەشلىرى، قوڭغۇزدەك ئۆتۈشىۋاتقان كىچىك ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى، كوچا ئېغىزلىرىدا تۇرۇپ قوللىرىدا ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ

خېرىدار چاقىرىپ ۋاقىراشلىرى، شەھەرنى ئەتىگەندىلا قايىنام - تاشقىنلىق ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا كوچىلاردا ئادەملەر ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ئىدى.

قەزىر ئەتىگەندىلا كوچىغا چىقىپ مەقسەتسىز ھالدا ئايلىنىۋاتاتتى. ئېھتىمال بۈگۈنكى سۈزۈك، يېقىملىق ھاۋا ئۇنىڭ مەيلىنى تارتقان بولسا كېرەك. ئۇ ئەتىگەندىلا ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ياتاقتىن چىققىنىدە ئىختىيارسىز شەھەر مەركىزىگە قاراپ ماڭدى. مانا ئۇ بىر نەچچە كوچىنى بېسىپ ئۆتتى. كوچا ئاپتوبۇسلىرىغىمۇ چىقمىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. ھېچنېمىنى خىيال قىلمايتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆڭۈل قويۇپ دەزماللانغان قارا شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ خىرامان ماڭاتتى. بوش سوقۇۋاتقان نەمخۇش شامال ئۇنىڭ قاپقارا پارقىراق چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى، ئالدىغا بايراقنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن ئاپئاق كالتە يەڭ كۆڭلىكى تەپسىز ئاپتاپتا تېخىمۇ ئاق كۆرۈنەتتى.

قەزىر كېتىۋېتىپ قاڭالتىردىن ياسالغان كىچىك بوتكىدىن بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋالدى ۋە بىر تال ئېلىپ لەۋلىرىدە يورغىلاتقىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ پات - پات توختاپ يول بويىدىكى دۇكانلارنىڭ ھەر خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋىۋىسكىلىرىنى ئوقۇيتتى. تۆمۈر دوسكىلارغا سىزىلغان ئەشۋىقات رەسىملىرىنى كۆرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئويلاپ قويمايتتى. ئۇ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا كىچىككىنە بىر لاتىنى سېلىپ قويۇپ ئىغاڭلىغىنىچە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان ئورۇق، جۇدەڭگۈ، ساقاللىق بوۋايغا بىر نەچچە موچەن پارچە پۇل تاشلاپ بەردى. ئۇ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كىنوخانا ئالدىدا ئىختىيارسىز توختىدى. ئۇنىڭ كۆزى پۈتۈن تام بويلىتىپ چاپلانغان كىنو رەسىملىرى ئىچىدىكى بىر رەسىمدە توختىدى. رەسىمدە ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئاياغ كىيگەن بىر ئايالنىڭ چاتىرىقى ئارىسىدىن سېرىق چاچلىق ئېگىز بىر ئەرنىڭ بېشى ساڭگىلاپ تۇراتتى، قەزىر ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇ يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئاق سىزىقلىق ئۆتۈشمە يولغا كەلگەندە چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن جايىدىكى مۇناردا قىزىل چىراغ ياندى. ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختاپ كەتتى. قەزىر يولدىن ئۆتمىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا توختاپ تۇرغان ئادەملەر تاقەتسىزلىك بىلەن تېز - تېز ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرغاندا كالتا چاچ بىر خەنزۇ قىز ئۇنى سوقۇپلا ئالدىغا ئۆتۈپ بالداق - بالداق ئاق سىزىقلارغا بىرمۇ بىر دەسسەپ يولنى كېسىپ ئۆتتى. قەزىر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. پىيادىلەر يولىغا چۈشكەندە ھېلىقى قىز قايرىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىنىدەك پارقىراپ تۇرغان يۈزىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ كەينىگە قانداق تېز قارىغان بولسا ئالدىغا شۇنداق تېز ماڭغاچقا بىرەر ئىپادىنى بىلىپ ئۈلگۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەزىر ئۇ قىزنىڭ كالتە يوپكىسىغا لىققىدە كەلگەن كاسىسى ۋە ئاپئاق يوتىسى ئەتراپىدا پىلتىڭلاپ تۇرغان كىچىككىنە سومكىسىغا قاراپ يەنە بىر قېتىم كۈلۈۋەتتى.

ھاۋا بارغانچە قىزىشقا باشلىدى. كوچىلاردىن بېنزىن پۇرىقى ئارىلاش قاراماي پۇرىقى كېلىشكە باشلىدى. يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىسسىق شامالدا ھورۇنلۇق بىلەن تەۋرىنەتتى.

قەزىر چۈشكە يېقىن شەھەر مەركىزىدىكى مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يانچۇقىدىن ئالا يېشىل قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى بىر بالا كېلىپ «تاماكا ئالامسىز؟» دېدى. بالىنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى، ئۇنىڭ مايكىسىدىكى بايراقنىڭ رەسىمىگە چۈشكەنىدى. قەزىر بالىنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالغان تەنزىسىدىن خىلللمايلا بىر قاپ تاماكىنى ئالدى. بالا ئۇنىڭ ئاشقان پۇلىنى قايتۇرغاچ ئۇنىڭ مايكىسىدىكى بايراققا يەنە بىر قېتىم قارىدى ۋە، — ئاكا مايكىڭىزنى نەدىن ئالغان؟ — دېدى.

— سانائەت ماللىرى ماگىزىنىدىن.

بالا قېتىپ قالدى. قەزىر مەيداننىڭ ياقىسىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ۋادەك ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. قىزىل قاپلىق تاماكا تېخىچە ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئاغزىدىكى سەرەڭگە تېلىنى

تاشلىۋېتىپ، تاماكىنىڭ ئاغزىنى تەسلىكتە ئاچتى ۋە بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى، ئۇ تاماكا چېكىپ ئادەتلەنمىگەچكە بىر شوراپلا قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، ھېچنېمىنى خىيال قىلمايتتى. ئۇ دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈشىۋاتقان ماشىنىلارغا، بالىلىرىغا چوكا مۇز تۇتقۇزۇپ ئامال بار سايە جايلار بىلەن مېڭىشىۋاتقان پىيادىلەرگە ۋە قارشى تەرەپتىكى ئېگىز بىنانىڭ دېرىزىلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

كۆچلۈك ھارارەت تارقىتىۋاتقان قۇياش ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسايدى. ئاچلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي سەزگۈ ئۇنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ يادىغا مەكتەپ ئاشخانىسى ۋە ئاشۇ سۆيۈملۈك ياتاقتىكى ھەر خىل مىجەزلىك سۆيۈملۈك ساۋاقداشلىرى كەلدى. قەزىر تۇرۇپلا خالمۇراتنى ئويلاشقا باشلىدى.

خالمۇرات مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى يىللىرى، بەكمۇ خۇش پېئىل، چاقچاقچى قىزغىن بالا ئىدى. ساۋاقداشلىرىغا يېقىملىق ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن كۈلكىلىك چاقچاقلارنى قىلىپ مايمۇندەك چاققان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تىنجىماي يۈرەتتى. ئۇ ئوغۇل بالا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ھىندى قىزلىرىنىڭكىدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى قىزلارنى مەھلىيا قىلىۋالاتتى. شۇڭا ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىغا بارسا شوخ قىزلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ «كۆزۈڭنى بىر قېتىم يۇمۇپ ئېچىپ بەر» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنى غىدىقلاپ كۈلدۈرەتتى. ئۇنىڭ بويى سىنىپتىكى قىز ـ ئوغۇل ھەممەيلەننىڭكىدىن پاكار بولغاچقا ھەممەيلەن ئۇنى تىرىكتۇرۇپ «بالا مۇرات» دەپ چاقىراتتى.

خالمۇرات قەزىر بىلەن بەك چىقىشىپ ئۆتەتتى، قەزىردىن خۇددى ئۆز ئاكىسىدىن ئەيمەنگەندەك ئەيمىنىپ تەپتارتاتتى. گاھىدا بىر دەمدە ئۇرۇشۇپ بىردەمدە ئەپلىشىپ قالاتتى. خالمۇراتنىڭ مىجەزى ئىتتىك بولغان بىلەن ئىچى كۆچلۈك بولغاچقا ھېچكىمگە ھال ئېيتمايتتى. غورۇرىغا تەگكەن ھەر قانداق ئادەمگە قاتتىق رەددىيە بېرەتتى، ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىنلاشمايتتى.

نېمىشقىكىن ئۇ مەكتەپكە كەلگەن تۆت يىلدىن بېرى ئانىسىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ باقمىدى، باشقىلار ئاتا ـ ئانىلىرى، ئائىلىسى ئۈستىدە پاراڭلىشىشقا باشلىسا ئۇ، ئۇلاردىن يىراق كېتىپ دەرھال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئۈن ـ تىنسىز چېكىشكە باشلايتتى. ئۇ سىنىپتىكى ئەڭ پېشقەدەم بەڭگىلەردىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ سىنىپنىڭ ئەڭ ماھىر گىتار چولپىنى ئىدى. ئۇ گىتارنى ئانچە ياخشى چالالمىسىمۇ بىراق ناخشىنى بەك يېقىملىق ئېيتاتتى. شەنبە كۈنلىرى ياتاقتا گاھى ـ گاھىدا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئولتۇرۇشلاردا خالمۇرات بولمىسا بولمايتتى. ئۇ گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتسا ئانچە ـ مۇنچىدىن ئېچىپ ھاياجانلانغان ساۋاقداشلارنىڭ بىرلىرى يىراقتىكى ئاتا ـ ئانىسىنى، چەت يېزىدا قالغان سۆيگىنىنى، ياكى قانداقتۇر بىر ئىشلارنى ئەسلەپ مۇڭلۇق ئاھاڭلار بىلەن ئۇنىڭغا جۆر بولاتتى.

ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا قەدەم قويغان يىلى ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە خالمۇراتنىڭ ئائىلىسىدىن جىددىي تېلېگرامما كەلدى. ساۋاقداشلار نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. خالمۇرات يۇرتىغا كەتتى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ خالمۇراتنىڭ شوخلۇقلىرى قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. ئۇ بارا ـ بارا ھېچكىمگە ئارىلاشماي يالغۇز يۈرۈپ تاماكىنى ئۇلاپ ـ ئۇلاپ چېكىدىغان، ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ دائىم كۇتۇپخانىنىڭ پەشتىقىدا ياكى مەكتەپ ئىچىدىكى خىلۋەت جايلاردا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ تاماكا چېكەتتى. كېيىنچە ئۇ ھاراققا ئۆگىنىپ قالدى. ھەر كۈنى كەچتە ھاراقنى بولاق ئىچىپ ياتاققا كىرەتتى ـ دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە جىممىدە يېتىپ ئۇيقىغا كېتەتتى. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم مەستلىكتە يىقىلىپ باش ـ كۆزلىرى يېرىلىپ ياكى باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئېغىز ـ بۇرنىدىن قان ئاققان ھالدا ياتاق باشقۇرۇش بۆلۈملىرىگە جەرىمانە تۆلەپ يېرىم كېچىلەردە ياتاققا كىرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. بۇنداق ۋاقىتلاردا قەزىر بىلەن مەمۇر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، قۇسۇقلىرىنى

ئادالاپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قوياتتى. كېيىنچە ئۇ ھاراققا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى، ئۇ تولا ۋاقىتلاردا دەرسكە قاتناشمايدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلاردىن تەنقىد ئاڭلىدى. فاكۇلتېتتىن ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن پۇل ئاز كېلىدىغانلىقىغا قارىماي ھاراقتىن ئۆزىنى تارتالمىدى. مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر مۇنچە بوتكا، قاۋاقخانىلاردا ئىسمى «نىسىي دەپتىرى» گە يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى ھەرقايسى بوتكا قاۋاقخانىلاردا سەييارە يۆتكىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تاسمىسىنى چىڭگىتىپ ئاچ - ئاچلا يۈرەتتى. ئەمما يەنىلا ھېچكىمگە بىر نېمە دېمەيتتى، ھېچكىمدىن قەرز سورىمايتتى. مەكتەپتىن تاماق پۇلى تارقاتقان كۈنلىرى ئۇ ياتاقداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەردلىك بىلەن مېھمان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاچ قالغان كۈنلىرىدە تولا ۋاقىتلاردىكى تامىقى قەزىر بىلەن مەمۇردىن بولاتتى. يەنە شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

خالمۇرات كەينى چاغ ۋاقىتلاردا يۇرتىدىكى بىر يېزىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان قانداقتۇر چىرايلىق قىزنىڭ گېپىنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ جىق سۆزلەيدىغان ۋاقىتلىرى مۇشۇ چاغدا بولاتتى.

قەزىر مۇشۇلارنى ئويلاپ خالمۇراتنىڭ ئاچ قالغان ۋاقىتلاردىكى ھەسرەتلىك قوي كۆزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭمۇ تازا ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ خالمۇراتقا تېخىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. دوستلۇق ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر مېھرىبانلىق مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلدۇرغاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى مەنىسىز ساياھەت ئۇنىڭغا بىر خىل غەيرىي قانائەت شادلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتكەنىدى.

قەزىر مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، بۇ غايەت چوڭ شەھەر ئاسمىنى گۈگۈم ئىلكىگە ئۆتۈپ، دېرىزىلەردىن چىراغ نۇرى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

ئۇ مەكتەپكە يېقىن بىر جايدىكى بىر ئاشخانىدىن تاماق يېدى، ئاندىن ياتاققا چىقىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئەتىگەن سېتىۋالغان تاماكىسىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئېھتىمال، باشقىلار تانسىغا ياكى كىنوغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپ بەك زېرىكىشلىك بىلىنىدۇ.

قەزىر قىمىر قىلماي ياتاتتى، قوشنا ياتاقلاردىن نەي بىلەن ئورۇندالغان قانداقتۇر بىر چەت ئەل مۇزىكىسى بوش ئاڭلىنىۋاتاتتى. قەزىر ئۆزىچە مۇڭلىنىپ قالدى. بۇ ياتاق، ياتاقتىكى ھەر بىر كارىۋات، كارىۋاتلارنىڭ كۈمۈشرەڭ سىرلىرى، ساۋاقداشلارنىڭ بەزىسىنىڭ يىغىلغان، بەزىسىنىڭ يىغىلمىغان يوتقان - كۆرپىلىرى، دېرىزە تەكچىسىدىكى تاماق قاچىلىرى، چايدان، چىش چوتكىسى سېلىنغان ئىستاكانلار، ھەتتا تورۇسقا ئېسىلغان، چاڭ - توزان قونۇپ كىرلىشىپ كەتكەن لامپا ... ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك، خۇددى شائىرنىڭ ھېسسىياتىدەك يېقىملىق، تاتلىق بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇلۇڭ تورۇستا يوغان بىر ئۆمۈچۈكنىڭ خۇددى تىنچ كۆل سۈيىگە چولتۇك قىلىپ چۈشكەن تاشتىن ھاسىل بولغان دولقۇن چەمبىرىكىدەك يۇملاق چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ تور توقۇۋاتقانلىقىغا چۈشتى. ئۆمۈچۈك شۇ ھالەتتە بىردەم توقۇغاندىن كېيىن چەمبەرنىڭ دىئامېتىرىدەك بىر خىل سىزىقنى بويلاپ چەمبەرسىمان نەپىس تورنىڭ مەركىزىگە كەلدى ۋە تۈگۈلۈپ دۈگىلەكلىشىپ ياتتى. قەزىر ئىختىيارسىز ھالدا كىنوخانا ئالدىدىكى تامغا چاپلانغان رەسىمدىكى ئايالنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان سېرىق چاچ ئەرنى، ھېلىقى ئۆزىنى سوقۇپ ئۆتۈپ لاپ قىلىپ بىر قاراپ قويغان خەنزۇ قىزنىڭ يۇملاق كاسىسى يېنىدا پۇلاڭلاپ كېتىۋاتقان كىچىك پارقىراق سومكىسىنى ۋە ئاۋۇ بۇلۇڭدا تىنىمسىز تور توقۇپ ئەمدىلا جىمىپ قالغان ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنى ئويلاپ يەنە بىر قېتىم كۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى ھېچكىم كۆرمىدى، كۆرسىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرى *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئالتۇنگۇل رەجەپ

# ئۇ مېنىڭ ئاكام!

(ھېكايە)

ئەنۋەر بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆدۈل ئۆيىگە كەلدى. كاستيۇممىنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇغا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، يۇمشاق كارىۋاتقا تاشلىنىپ ئوگدىسىغا ياتقىنىچە تاماكىسىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى.

ياسداق ئۆي ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. پارقىراق ئۈستەل، تام ئەينەكلىرىگە چاڭ قونغان، چامىدانلاردىكى رېشلىيە ياپقۇچلار قىڭغىر - سىڭغىر تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى. ئۇ، ئەمدى مامۇق ياستۇقىدىن ئاستا باش كۆتۈردى - دە، كارىۋات بېشىدىكى تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ بىر نەچچە نومۇرنى باستى.

— ۋەي . . . ۋەي . . .

— ھە، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سەن گۈينى.

— ھە، ئەنۋەركەنسەندە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ئاداش؟

قارشى تەرەپتىن خىلىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ساڭا تېلېفون بېرىۋاتىمەن شۇ.

— ما گۈينىڭ يامانلىقىنى. . . — تۇرۇپكىدىن تېلىقىپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلاي دەپ تۇراتتىڭ؟ — كۈلەرەڭ تاماكا ئىسى گەپ بىلەن تەڭ ئەنۋەرنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقىراپ چىقتى.

— تاماق يەيمىكىن دەپ.

— قورسىقىڭ ئاچكەندە، بوپتۇ، چىدىمساڭ ئازراق ئەسترلىۋالغاچ تۇر.

— گېپىڭدىن قارىغاندا بۈگۈنمۇ بىر زىياپىتىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ راست گەپنى دېسەم قولۇڭ بەك ئوچۇقكەن ئەنۋەر، دائىم سېنىلا چىقىمدار قىلىپ . . .

— قويە بۇ گېپىڭنى. ئوغۇل بالىدارچىلىقتا سېنىڭ - مېنىڭ دېمەيمىز ئاداش، خۇدانىڭ ئالىمى ئۆزۈڭغۇ، تونۇشقىنىمىزغا ئالتە كۈن بولدى تېخى. قانداقلىقىمنى كېيىنچە ئوبدان بىلىپ قالىسەن، — ئەنۋەر تاماكىسىنى كارىۋات بېشىدىكى قاشتېشى كۈلدانىنىڭ نەقاشلىق گىرۋەكلىرىگە تەگكۈزۈپ يېنىك قېقىشتۇرغاچ سۆزلىدى، — قارا ئاداش، خوتۇن يەڭگەڭنى، بالىنىستىن ئۆدۈل ئانىسىنىڭ ئۆيىگىلا يۆتكىۋەتتىم. خوتۇنغا كۆنۈپ قالغان ئادەمگە يالغۇز ئۆتمەكنىڭ تەسلىكىنى بىر دېمە، زېرىكىپ ئۆلەيلا دېدىم. ھە خېلىل، خالىيراق رېستوراندىن مەخسۇس ئۆي زاكاز قىلىپ راسا بىر پەيزى قىلساق قانداق؟ لېكىن بىر گەپ، مېھماننى سەن تاپسەن جۇمۇ، — ئەنۋەر تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستۇرۇۋەتتى.

— مېھماننى؟ يەنە كىملەرنى مېھمان قىلماقچىسەن؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلمىغىنە گۈي، ئىككىمىز ئاخىرەتنىڭ مۇشكىدەك بىر - بىرىمىزگە قاراپ پارقىرىشىپ ئولتۇرۇپلا ئىچسەك نېمە مەززىسى دەيسەن، يۇرگەن قىزىڭنىڭ ئىسمى نېمىتتى؟ ھە توغرا، ئادىلە، ئۇنىڭغا دە ئاداش، ماڭا لايىقراق كېلىدىغان دىتى بار قىزدىن بىرنىلا باشلاپ كەلسۇن، تۆتەيلەنلا ئولتۇرۇپ ئىچىمىز، ئاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆيگىلا قايتىپ كېلىپ . . . قانداق، گېپىمنى

چۇشەنگەنسەن، ــ ئەنۋەر تۇرۇپكىنى بويىدا قىسىپ تۇرۇپ تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى.

ــ ماقۇل ئەمىسە، سائەت قانچىگە، ئورنى قايسى رېستوراندا؟

ــ دەل سەككىزگە، «ئاققۇ كۆلى» رېستوراندا ئۇچرىشايلى. ئەگەر ۋاقتىڭ بولسا سەن بۇرۇنراق بېرىپ ھە ـ پە دەۋەتسەڭ قانداق؟

ــ چاتاق يوق.

ئەنۋەر تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىكى ئىككى تال سىزىقچە نەگىدۇر غايىب بولدى. نەچچە كۈندىن بېرى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، چوڭ قارا كۆزلىرىدە شادىيانە تەبەسسۇم چاقناپ كەتتى.

ئۇ، ئالدى بىلەن باش ـ كۆزىنى يۇيدى. ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، كۆڭلەك بۇرۇلكىسىنى ئالماشتۇردى. ئاندىن ئىشكاپنىڭ چوڭ ئەينىكى ئالدىغا كەلدى.

ئادەمگە مۇشۇنداق چاغدا مۇزىكا قانداق ياقىدۇ ـ ھە؟!

ئۇ چاڭ قونغان ستېرېئولۇق ئۈنئالغۇسىنى ياپقۇچ بىلەنلا سۈرتۈپ، غەربنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكا لېنتىسىنى سېلىۋىدى يۈرەكنى تىترىتىدىغان لەرزان ساكسنىڭ ئۈنى ئۆي ئىچىگە قايناق ھايات ئېلىپ كىردى. ئاجايىپ قىزغىن، تاتلىق بىر ھېسسىيات دولقۇنى ئەنۋەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، تومۇرلىرىنى شۇرۇلداتتى. ئۇ ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئاپئاق چىشلىرى ئىنژىقلىرىغىچە كۆرۈندى. شۇ چاغدا ئۇ ئەتىگەنكى ئالدىراشچىلىقتا چىشىنى پاستا بىلەن يۇيمىغانلىقىنى يادىغا ئالدى ـ دە، چىشىنى يۇيۇشقا تۇتۇندى.

ــ . . . مانا ئەمدى بولدى! ــ دېدى ئۇ، يۇيۇلغان ئاق چىشلىرىنى چىشلەشتۇرۇپ جوپلەپ، ــ مانا چىش دېگەن مۇشۇنداق پارقىراپ تۇرىدىغان نېمە بۇ. قىزلار، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق چىرايلىق قىزلار يىگىتلەرنىڭ چىشىغا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. چەت ئەللىكلەرمۇ مۇشۇنداققۇ، چىشنىڭ ئاقلىقى ساغلاملىقنىڭ ئالامىتى. . . ئەتىگەن يېگەن تاماقلىرىڭنىڭ قالدۇقى چىش ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالسا قانداق سەت. . . ئەنۋەر ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى. ئاندىن ئالدىدىكى ئىككى ـ پەس شېشىلەر دۆۋىسى ئىچىدىن كەرەشىنىۋاي قۇتىنى ئېلىپ، قولاقلىرىنىڭ كەينى، قولتۇق، مەيدىلىرىگە پىشىلدىتىپ چاچتى.

. . . پاھ، فرانسىيىلىكلەر پۇراققا قانداق ئېتىبار بېرىدىغان خەق! بۇ خەقنىڭ ئەترلىرىنىڭ ئېسىللىكىنى بىر دېمە. . . ــ ئەنۋەر دىماقلىرىغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان خۇش پۇراق ھاۋانى قېنىپ سۇمۇرگەندە كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى . . . بۇنىڭدا نېرۋىنى غىدىقلايدىغان ماددا بار دېيىشەتتىغۇ، بۇنىسى چوقۇم راست . . . ــ

ئۇ مەستخۇش بىر ھالەتتە پىچىرلىدى. ئەنۋەر سائىتىگە قارىغاندا قىسقا ئىستىرىلكا سەككىزگە ياماشقىلى ئۇچ قەدەملا قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئىشكىلىرىنى تاقاپ «ياۋا بۆرە» ماركىلىق موتسىكىلىتىگە مىندى ـ دە، غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

كوچا چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇرغان ئازادە ئاسفالت يوللارنىڭ قاسنىقىدىكى بۇككىدە كۆكلەپ تۇرغان قارىغاي كۆچەتلىرى مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. سالقىن شامال مەنزىرە گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. . . ھايات قانداق گۈزەل! كېچە قانداق يارقىن! ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ

زىننەت چىراغلىرى ئۆچۈپ ياناتتى. ماگىزىن - رېستورانلاردىن جۇشقۇن مۇزىكا سادالىرى ياڭراپ، ئويغاق كېچە قوينىغا ھاياتىي كۈچ بېرەتتى.

رەڭلىك نىئون چىراغلىرى مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش ھالدا ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك «ئاققۇ كۆلى» رېستورانى ئالدىدا ئەنۋەر «ياۋا بۆرە» سىنى تورمۇزلاپ يەرگە چۈشتى. ئاندىن سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى قويما ئالتۇن ئۈزۈكنى رۇسلاپ، ئىشىكتىكى ئاق يۇسمىلاق كۈتكۈچى قىزلارغا يېنىك باش لىڭشىتىپ قويدى.

مانا، تۆتىنچى قەۋەتتىكى خاس ئۆيدە ئەينەك شىرەدىكى ئاپئاق سالفىتكىدىن گۈل ياساپ ئويناپ ئولتۇرغان ئاۋۇ قىرقىم چاچلىق، قارا كۆز قىزنى ئادىلە باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاغزىدىكى سېغىز كەمپۈتنى كىرىشلىتىپ چاينىغىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئادىلە بولسا خېلىل بىلەن بېشىنى يېقىن قىلىپ نېمىنىدۇر كۇسۇلدىشاتتى، كۈلۈشەتتى. رەڭگارەڭ گۈڭگا چىراغلار چاي رەڭ ئۇستەلدىكى تورلۇك قورۇملارغا رەڭ بېرىپ ئىشتىھانى قوزغايتتى. خېلىل تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك سائىتىگە يەنە بىر قېتىم قارىۋالدى - دە، قوۋزىدىكى لىققىدە تۇتۇننى ئادىلەنىڭ يۈزىگىلا پۈۋلىدى.

— كۆزۈم تەگمىسۇن جېنىم، ئىسرىقلاپ قوياي.

— ئەسكىلىكىنى... — ئادىلە نازۇك بارماقلىرىدا لەۋلىرىنى توسۇپ يېنىك يۆتەلگەچ يىگىتنىڭ بۇرنىدىن ئەركىلىتىپ چىمداپ قويغاندا، قورۇنۇپىراق ئولتۇرغان قارا كۆز قىز كۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ، دەررۇ يەرگە قارىۋالدى.

— ئېچىلىپىراق ئولتۇرساڭچۇ سەنەۋەر، — ئادىلە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان دوستىنىڭ ئاق سۆزۈك قوللىرىنى تۇتتى، — ئىچىمىنى بەك سىقىۋەتتىڭ.

— ئەمىسە مەن قايتىپ قالاي.

— ۋاي ئاق ئاغچا، بۇۋى ھاجى خېنىم! بۇنچە قىلىپ نېمە كەپتۇ ساڭا؟ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك قىلىقىڭنى قوي ئەمدى. توۋا دەيمەن، نەرىك چوڭ شەھەردە ئوقۇۋاتقان كاتتا ستۇدېنتقا ئوخشايدۇ سېنىڭ؟ گۈلدەك چاغلىرىڭ بۇ، پەيزىنى سۈر ئاداش.

— دەيدىغان گېپىڭغۇ بۇ، كۆڭلۈم تارتمىغان ئىشقا ئۆزۈڭ زورلاپ، — سەنەۋەر يېنىك بوغناپ، دوستىنىڭ قوللىرىدىن بارماقلىرىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— سېنى بىركىم «ھام» قىلىپ يۈتۈۋەتمەيدۇ سەنەۋەر، ناھايىتى يەپ - ئىچىپ ئويناۋالمىز شۇ، بىلگەنسەن، خېلىل مېنىڭ يۈرگىنىم، سىلەر تونۇشۇپ قالدىڭلار، ئۇ ئەمدى سېنىڭمۇ دوستۇڭ. خېلىلدىن ئاڭلىسام كېلىدىغان ئۇ بالا بەك بايمىش، ئۆزىمۇ قالتىس پەيزى، توققۇزى تەلمىش، پۇرسەت دېگەن مۇشۇ ئاداش، كەلتۈرۈۋېلىشقا تىرىش... — ئادىلە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. سەنەۋەر نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى ئۆمەللىۋىدى، ئۇلار ئولتۇرغان ئۆينىڭ چاقىرغۇ كونۇپكىسى سىگنال بېرىپ، تامدىكى يېشىل چىراغ ئۆچۈپ ياندى. خېلىل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سىيرىلما ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

— كۈتكۈچى بولمىسىلا چوقۇم ھېلىقى يىگىت! كەل، تېز بول، لەۋ بويىقى سۈرتۈپ قوياي ئاداش، — ئادىلە ئالىقانچە-لىك بابالا سومكىسىنى ئالدىراپ ئېچىپ لەۋ بويىقىنى ئالدى - دە، بۇراپ چىقاردى.

— ياق، ياق، بەك قېنىق بولسا... — سەنەۋەر ئادىلە بىلەن

تارتىشىپ، لەۋلىرىنى توسۇۋالدى.
— ئىمانداق كېچىكىپ كېلىسەن ئادەمنى ساقلىتىپ، — خېلىل ئىشىك ئالدىدىلا ئەنۋەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىگە بىرنى شاپىلاقلىۋەتتى، — قورىملارمۇ ئاساسەن تەييارلىنىپ بولدى گۆي، سىنىزە، جازا شارابىدىن ئۈچنى قويىمەن ساڭا.
— بۇگۈن مېنى مەست قىلىپ قويما ئاداش، — ئەنۋەر قولىنى دالدا قىلىپ دوستىنىڭ قولىقىغا نىمىنىدۇر پىچىرلىۋىدى، ئۇلار تەڭلا پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى، — ساڭا دېسەم پەستىكى زالدا تونۇشلار ئۇچراپ قېلىپ، بولدى، بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. دېگىنە، قىزلار كەلدىمۇ ـ قانداق؟ ئادىلە باشلاپ كەلگەن قىز پەيزىمىكەن؟ — ئەنۋەرنىڭ قوي كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ كەتتى.
— قالتىس دېگىنە، كارامەت! — خېلىل تىلىنى چېقىرىپ شوخلۇق قىلغاندا ئەنۋەر ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى شاپىلاقلىۋەتتى.
— چىچىمنى بۇزما گۆي، ھېلى تېخى بىر تىزا بىلەن ياساتقان چاچ بۇ ...— ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.
سىيرىلما ئىشىك ئېچىلدى. ئادىلە بىلەن سەنەۋەر ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
— كىچىك بالىدەك قىلىق قىلماي، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ پوچى تۇر ئاداش، — پىچىرلىدى ئادىلە.
خېلىل سىيرىلما ئىشىكنى تارتىپ يېپىۋەتكەندىن كېيىن دوستىنىڭ يەلكىسىگە قولىنى ئالدى، — بىز كۈتكەن ئەزىز مېھمان ئاخىرى كەلدى. ئىسمى ئەنۋەر.
— ياخشىمۇ سىلە قىزلار. كېچىكىپ قالغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.
قۇلاقلىرىغا لازېر نۇرلۇق ئېلېكتىر دولقۇنىدەك ئېقىپ كىرگەن تونۇش، بەكمۇ تونۇش بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچىگەن سەنەۋەر سەل قىيسىيىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان چېلىگىدەك بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىغا قارىغاندا، خىرە يوشۇقتا، تونۇش كۆزلەر ئۇچراشقان ئاشۇ نۇقتىدا دەھشەتلىك چاقماق چېقىلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.
— بۇ ... بۇ ... سىز!! — سەنەۋەر يۈزلىرىنى تۇتۇپ ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى.
نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئادىلە دوستىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى.
— بۇنداق قىلما سەنەۋەر، خۇدا ھەققى! كەتمە، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ بىرلا قېتىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىل!
— قويۇۋەت مېنى! ئىست! سېنى-زە ... ئۇ مېنىڭ، ئۇ مېنىڭ ئاكام!! — سەنەۋەر بوغۇلۇپ ۋارقىرىۋەتتى.
گاڭگىراپ قالغان خېلىل قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
— ئەستا! — ئۇ ئىككى قولى بىلەن چاچلىرىنى قامالىغىنىچە ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ، مۇزدەك سوغۇق تامغا نەچچىنى ئۇسسۇۋەتتى.
ئادىلەنىڭ قوللىرى سەنەۋەرنىڭ بىلىكىدىن ئىختىيارسىز ئاجراپ كەتتى.
ئەنۋەر ھېلىھەم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. مۇزىكىغا تەڭكەش نىئون چىراغلار ئۆچۈپ، يېنىپ ئۆي خىلمۇخىل رەڭدە ئۆزگىرەتتى.
سەنەۋەر قويۇندەك چىقىپ كەتتى. چىنە خىش پەلەمپەيلەر تاراقشىپ ھەيۋەتلىك رېستوران تىترەپ تەۋرەنگەندەك زاھىر بولدى. يېنىك مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆپكىدەپ ئېسەدەپ يىغلىغان يىغا ئاۋازى بارا ـ بارا پىراقلاپ كەتتى ...

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

www.uyghurkitap.com

روزى سايىت

# شېئىرلار

## قىزمۇ سەن يا كېپىنەك . . .

— ياش ئۇسسۇل ماھىرى شاراپەتكە

سەھنە چىمەن، سەن چىمەندە كېپىنەك،
يارىشىپتۇ قوڭغۇراق، تاج ـ چېكىلەك. . .
شوخ كېيىكتەك تاقلىشىڭ بار ئۆزگىچە،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر سېكىلەك.

ئەۋرىشىم تالدەك ئېگىلمىش بەللىرىڭ،
تەڭلىنۇر نازدا ھۇزۇر گۈلقەنلىرىڭ.
مەن ئەمەس، بار مىڭ، تۇمەن زوقمەنلىرىڭ،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

ھەركىتىڭ بەك جەزبىدار، چاققان ـ چىۋەر،
ھەممە ئەزايىڭ كۈلەر ـ بۇ چوڭ ھۈنەر.
كەسپتە «چولپان» سەن، پاساھەتتە گۆھەر،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

«يەلپۈگۈچ» تە يەلپۈسەڭ تەن سەگسە،
سېھرى «دىلبەر»① نىڭ بۇ جاننى ئەگسە.
بىر غىدىق تەڭلەر نىگاھىڭ ھە دېسە،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

گاھ سۆيۈپ، گاھ سۆيدۈرۈپ قاش، مەڭ بىلەن،
ئوت چېچىپ ھەر يانغا كۆز چەشمەڭ بىلەن.
ئۇۋلىدىڭ دىل قىرىق ئۆرۈم ئەشمەڭ بىلەن،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

بۇ غەلەت گەپ: «كۆرسە كۆزدە قالمىغاي②»
ساڭا كۆز ھەر قانچە باقسا تالمىغاي.
مەپتۇنى ھىجرانغا قانداق پايلىغاي؟
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنبەك.

ناز ـ كەرەشمەڭدە زۇۋان تاپقاي ئۇسسۇل،
جىلۋە ـ تەننازىڭدا گۈل ئاچقاي ئۇسسۇل.
ئۈينىساڭ سەن ئەلگە زوق چاچقاي ئۇسسۇل،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

پىرقىرايسەن بىر ئىزىڭدا سىپ ـ سىلىق،
ئۇشبۇ ھالدا گاھ قۇيۇنسەن، گاھ بېلىق.
«چىپ!» پىدە توختاپ بىرەرسەن شوخ «ۋىلىق. . .»
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

سەن ئۇسسۇل ھەغداسى، ئۇيغۇر دىلبىرى،
پەرۋىشىڭدە، سەھنە ـ سەنئەت مۇنبىرى.
كەسىپ، كامالەتتە يېتىش، باس ئىلگىرى،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

سېنى قەمبەر③ روھى يۆلەيدۇ يەنە،
تۇرسۇنئاي④ تەڭ نىشانغا ئۈندەيدۇ يەنە.
كۆر، ئۇماق دىلنار⑤ مۇ كۈيلەر يەنە،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

ئەيلە جەۋلان سەھنىنى ياردەك قۇچۇپ،
ئۇينا زۇلفىڭنى ئېتىپ، قۇشتەك ئۇچۇپ.
ماڭا جۇپ سەن، مەنمۇ شېئىردا ساڭا جۇپ،
پاھ، ئۇسسۇل شەيداسى دىلبەر كېپىنەك.

---

① شۇ نامىلىق ئۇسسۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② «كۆرگەن كۆزدە قالماس، يىگەن ئېغىزدا» دېگەن خەلق ماقالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ مەرھۇم قەمبەر خانىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ ⑤ يېڭى ئۇسسۇل چولپانلىرى تۇرسۇنئاي ئىبراھىم، دىلنار ئابدۇللا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## كونا گەپ

كۆلۈپ، يىغلاپ ئۆزايدۇ،
زاتى ئىنسان ئەسلىدە.
ئۇنىڭ ئۆمرى كۆكلەيدۇ،
ئارزۇ - ئارمان ۋەسلىدە.

سۆيگۈ - كۆيۈم ياخشىدۇر،
ۋاپا - ئېسىل ناخشىدۇر.
ھېچنەرسە يوق ئۇ بولماي،
ئادىمزات نەسلىدە.

بىۋاپالىق - بەدقىلىق،
ساداقەتكە يات قىلىق.
شۇ «قىلىق» قا كۆنگەنلەر،
قاقشار «قىيىن - تەس» لىدە.

كەلدىڭمۇ بۇ ئالەمگە،
ئىمتىھان بار ئادەمگە.
جاۋابىغا تەييارلان،
يولدا - «ئېگىز - پەس» لىدە.

ئەقىدەڭدىن يانمىغىن،
يېرىم يولدا هارمىغىن.
ۋىجدانىڭنى بۇلغىما،
ھىيلە - مىكىر قەستلىدە.

ئەجرىڭدە گۈل ئېچىلسۇن،
خۇشپۇراقلار چېچىلسۇن.
قىسسۇن ئۇنى نىگارىڭ،
نەۋ باھارنىڭ پەسلىدە . . .

## بۇ جاھان شۇنداق جاھان

ئارزۇ قىلىپ، ئارمان يەپ،
ئۆتىدىغان جاھان بۇ.
سۆيىدۇرۇشتە، سۆيۈشتە،
كۆتىدىغان جاھان بۇ.

باغ ياساپ چۆل، دالىغا،
ئەجىر قىلىپ «چالا» غا.
قانماي ئاتا - بالىغا،
كېتىدىغان جاھان بۇ.

جان خەجلىسەڭ ئويۇنغا،
قەرز يۈكلىسەك بويۇنغا.
ھامان بىر كۈن خارلىقى،
يېتىدىغان جاھان بۇ.

جاپا قىلساق ۋاپاغا،
چاپساق ھەۋەس - «پا - پا» غا.
كېيىن پۇشايمان لەھەڭدەك،
يۇتىدىغان جاھان بۇ.

پاتمىغاننى قېنىغا،
كەپلەپ ئۇۋۋا - ئېنىغا.
بىردەمدىلا خار - زەبۇن،
ئېتىدىغان جاھان بۇ.

مىسكىنلىكنىڭ ئازارى،
كىبرى، ھەسەت ئىزھارى.
سېخىي ئالقان، مەرد قولدا،
پۈتىدىغان جاھان بۇ.

پۇتلاشمايلى ئۆزئارا،
قىلىشمايلى دىل يارا.
ئۈچ خام بىلەن تۆشۈكى -
پۈتىدىغان جاھان بۇ! . . .

## ئۈچ ھەزىل

(1)

سۆڭەككە بولالمايسەن،
چىشىڭ ئۆتىدۇ گۆشقا.
ھەيۋە قىلىسەن، توۋا،
مۈشت تەڭلەپ ياۋاش - بوشقا.

كۆرسەڭ «زەي قاپاق» لارنى،
ئەلپازى چاتاقلارنى.
كۆكسۇڭدە قويۇپ قولنى،
تىل ئۇچلايسەن «خوش ـ خوش» قا.

بىرسىنى ئانىي تاپساڭ،
بىرسىگە چاپان ياپساڭ.
چىگىت يېغىدەك پەيلىڭ،
سېنى قاتىدۇ قوشقا.

× ×

ئازار بەرمىگىن «بوش» قا،
ئامراق بولما «خوش ـ خوش» قا.
چىشنى بىلىسەڭ «گۆش» قا،
پەيلىڭ قاتىدۇ قوشقا! . . .

(2)

يۆلىسىمۇ قويمايمەن،
قىش ـ ئايازدىن قورقمايمەن.
كۆك يېقىلسا مانتا يەپ،
ئاچ نەپسىمنى توقلايمەن.

ئىش ـ ئەمگەككە مەيلىم يوق،
قولۇم بارماس كارىغا.
قانائەتتە ياشايمەن،
شۈكرى قىلىپ بارىغا.

نەدە سايە، نە ئاپتاپ،
تۇمشۇقۇمنى قاقلايمەن.
«يۇت!» دېمىگەن تاماقنى،
گالدا ھەپتە ساقلايمەن.

ئىشلەپ بولغان بۇرۇن مەن،
«يۆلەيدىغان ئۇرۇن» مەن.
شىددىتى يوق، جېنى بار،
خۇدا بەرگەن ھورۇن مەن.

يۆلىسىمۇ قويمايمەن،
يېتىپ قورساق توقلايمەن.
خۇدا بەرگەن ھورۇن مەن،
مىنجىڭجۇينى يوقلايمەن. . .

(3)

ئۆزۈمگە خاس تاللىۋالغان يولۇم بار،
«ئىلىش» قىلا كۆنۈپ كەتكەن قولۇم بار.
بىر داچەننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتۈپ،
يېمەي ـ ئىچمەي تىقىپ قويغان پۇلۇم بار.

خەق يەيدىكەن گۆش، پولۇنى قاچىلاپ،
مەن ياشايمەن سىقىپ، يالاپ، غاجىلاپ.
نان بېرىمەن باللارغا پارچىلاپ،
شۇڭا بايمەن، تىقىپ قويغان پۇلۇم بار.

چىدىمايمەن خوتۇن كىيگەن كىيىمگە،
چىدىمايمەن ئىچكەن سوغۇق سۇيۇمگە.
چاي بەرمەيمەن مېھمان كىرسە ئۆيۈمگە،
شۇڭا بايمەن، تىقىپ قويغان پۇلۇم بار.

مېتە چۇشتى قازناقتىكى ھەسەلگە،
يېمەي يىغىپ تەننى چاقتىم كېسەلگە.
«يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» ـ شۇ مەسەلگە ـ
لايىق بايمەن، تىقىپ قويغان پۇلۇم بار.

پۇل بار جاينى ئايال، پەرزەنت ئۇقمايدۇ،
( ئۇنى جايلار چاغدا بەرى ئۇخلايدۇ. )
مەندىن خەققە قىلچىلىك نەپ يۇقمايدۇ،
شۇڭا بايمەن، تىقىپ قويغان پۇلۇم بار.

ئويلىشىم شۇ: ئەجەل يەتسە بېشىمغا،
جاننى ئالسا قايسى، كەلمەي قېشىمغا.
پۇل باغرىمدا، كىپەن تۇرسا تېشىمدا،
شۇنداق بايمەن، تىقىپ قويغان پۇلۇم بار. . .

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

www.uyghurkitap.com

**ئابدۇقادىر مەتسىدىق**

# شېئىرلار



ياش شائىر ئابدۇقادىر مەتسىدىق 1964 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزا توپا ئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر چىرا ناھىيە گۇلاخمار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1982 - يىلى ئېلان قىلىنغان «كۆلگە قاراپ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، نەسر، ئوبزور ۋە بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە كلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بىر قىسىم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئابدۇقادىر مەتسىدىقنىڭ ئەسەرلىرى قىسقا، جەلپ قىلارلىق، تىلى يەڭگىل، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئوي - پىكرنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزگىچە يول تۇتقان. ئۇ ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھازىرقى زامان يېڭى شېئىرلىرىنىڭ پىكرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەشتەك شېئىرى ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ، پىكىرلەرنى تېرەنلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

ئۇنىڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلىرى ئىچىدىن «سېغىنىش» ناملىق شېئىرى 1985- يىلى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1991- يىلى «جاھىل تىلەك» ناملىق شېئىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1993- يىلى «نۇرلۇق يول» ناملىق لىرىك داستان «پايانداز» سەھىپىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1996 - يىلى «ۋاپادار مەست» ناملىق شېئىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى چىرا ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يېقىندا «ئاپرېل كېچىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلەپ پۈتكۈزدى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، چىرا ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## كۆز يامغۇرى

ئۇخلايدۇ مېۋىلەر ھىدىغا تويۇپ،
پەلەكتىن ساقىغان رەڭلەرنىڭ يېشى.
نەمدەلگەن پۇراقلار ئۇچار ھەر تامان،
مارىلاپ ياتىدۇ پەسىللەر قىشى.

ئېتىزلار قۇپ - قۇرۇق گويا دالىدەك،
سۇس تۇمان يۈرىدۇ ئىزدەپ ناشتىلىق.
ئوچاقنىڭ ئالدىدا رەسىدە قىزلار،
خىيالغا پاتىدۇ چۈش كەبى تاتلىق.

پەر سىلكىپ ئۇۋىدىن چىقىدۇ قۇشلار،
يېشىللىق تەڭلەيدۇ ئۇزاق بىر سەپەر.
ئۇزىتىپ قالىدۇ ئۇلارنى جىمجىت،
سەھرادا چوڭ بولغان خىيالچان سەھەر.

## سەھرا گۈزىلى

كىچىككىنە پۇچۇق ئەينەككە،
قارىۋالار خىلۋەتتە پىنھان.
تۇيغۇلارنىڭ نازۇك ئەۋجىدە،
تىترەپ تۇرار تارتىنچاق ھىجران.

سۇبھەندىكى ئاداققى جۈيلۈش،
چىللاپ كېلەر غەمكىن تەبەسسۇم.
ئېچىرقىغان ۋىسال تامچىسى،
ئەڭ قەدىمىي شاراب بىر يۇتۇم.

ئۇزاپ كېتەر يېگانە خىيال،
يېگانە ئاي، يېگانە كۆندەك.
گاھى كېلەر لەرزىگە كۆڭۈل،
چاقماق چاققان يامغۇرلۇق تۈندەك.

قايتقىنىڭدا ئۆيۈڭگە يالغۇز،
چىغىر يولدا باسار ۋەھىمە.
بۇ دۇنيادا مېنىڭ بارلىقىم،
شۇ چاغدىلا چۈشەر ئېسىڭگە.

جىمجىتلىقتا بولارمۇ ئەسىر،
سەھرادىكى شۇ ساھىبجامال؟
ئېچىلمايدۇ كۆڭۈل ئىشكى،
بىر تۇيغۇنى كۈتۈپ ئېھتىمال.

### تەنھالىق

مەست بولۇپ قالدىم بۈگۈن بۇ يەردە،
ئۆزۈم يالغۇز رۇمكىغا سىرداش.
قىزىغاندۇ بۇ دەم ۋىچىركا،
بولدۇڭ چوقۇم، چوقۇم قىزقولداش.

رەڭدار چىراغ ئاستىدا بەخت،
دەسسىۋالدى پۈتۈنگە بەلكىم.
ئۆگدەپ قالغان يېڭى كېلىنگە،
ھەمراھ بولۇپ قالمىدى ھېچكىم.

### دادا

ساقلىنىڭ كېتىپتۇ غەملەردەك ئۆسۈپ،
چىرايىڭ بەختتەك قاپتۇ ئورۇقلاپ.
خۇرجۇننى ماڭا بەر، ئۆتكىنە تۆرگە،
نېمانچە تويمايسەن چېھرىمگە قاراپ.

ۋاھ، ئېلىپ كەپسەندە ئامراق زاغرامنى،
ئەجەبمۇ مەززىلىك ئانام ياققان نان.
ئۇكامغا قويساڭچۇ گۆلە، قاقلارنى،
باراتتى مەكتەپكە ئېلىپ شادىمان.

بولتۇرقى ئۆتۈكۈڭ مۇشۇغۇ يەنە،
تاشلىۋەت، يامىتىپ يۈرمىگىن ئەمدى.
يول ئۇزۇن، ھارغانسەن، ئۇخلىۋال بىر دەم،
تاتلىق چۈش قوغلايدۇ كۆڭۈلدىن غەمنى.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

## ئۇخلاپ قالغىن چۈشلىرىڭنى قۇچاقلاپ

### ياشلىق دېگەن

خىيال ئىچرە ياد ئەيلەپ سېنى،
مەھەللەڭدىن ئۆتكەنتىم ئاخشام.
دېرىزەڭنى چەكتىمۇ يېنىك،
لەرزىگە تويۇنغان ناخشام.

مۇھەببىتىڭ كۆچۈپ جىسمىمغا،
يۈرىكىمدە ياساپتۇ ئۇۋا.
ياشلىق دېگەن قىزىقكەن قىزىق،
بوۋام ئېيتقان چۆچەكتەك گويا.

كەتتى تۇيغۇم سىڭىپ يولۇڭغا،
يازدا ياغقان يامغۇردەك بۇ دەم.
تىنىقىمنى يوللىدىم ساڭا،
پاك ئەقىدەم ئاڭا مۇجەسسەم.

دىمىقىمغا ئۇرۇلدى خوش ھىد،
چېچىلدىمۇ بويۇڭدىن ئىپار.
سەن قاياقتا قايسى گۈلزاردا،
كۆرسەتسەڭچۇ چېھرىڭنى نىگار.

ھېسلىرىمغا قوشۇپ ئوتلۇق ھېس،
زىبالىقىڭ كۆيدۈردى شۇنچە.
شوخلۇقلىرىڭ ئۇچتى كۆزۈمدىن،
شاقىراتما چاچقاندەك ئۈنچە.

ئۈچرىشىمىز قەيەردە، قاي كۈن،
كېپىنەكتىن بەرسەڭچۇ خەۋەر.
گىلاس يەڭلىغ يۇمران لېۋىڭدىن،
ئىچەي دەيمەن بىر قەترە كەۋسەر.

## ئۇخلاپ قالغىن

قونۇۋاپتۇ كىرپىكىڭگە شوخ شەپەق،
گۈلگە خۇددى كۈيچى بۇلبۇل قونغاندەك.
بېغىشلاپتۇ جامالىڭغا قىزىللىق،
كۆزلىرىڭنى نۇرلاندۇرۇپ چولپاندەك.

چاچلىرىڭدا ئۈگدەپ گۈگۈم سايىسى،
يېيىلىپتۇ گويا نېپىز پەردىدەك.
پەيدا بولۇپ ئاسمىنىڭدا تولۇن ئاي،
باقتى ماڭا كۈلۈمسىرەپ پەرىدەك.

لەۋلىرىڭدە قېتىپ قاپتۇ چىن سۆيگۈ،
مەي باغلىغان جىنەستىدەك شىرلىشىپ.
دېدىم ئاستا «ئاشۇ سۆيگۈ، ئەقىدە،
پارقىرىسۇن قالماي پەقەت كىرلىشىپ»

ئۇخلاپ قالغىن چۈشلىرىڭنى قۇچاقلاپ،
ئۇخلاپ قالغىن يۈرىكىڭنى ئۇلۇغلاپ.
جۈپ كۆزۈڭدىن چىقار سۈبھى قۇياشى،
سېنى ھەر تاڭ ئىللىققىنە قۇتلۇقلاپ.

## جىگدە چېچىكى

ئۆتكىنىمدە يېزا يولىدىن،
ناخشا ئوقۇپ سۈبھىدە ياڭراق.
ئويغىنىپتۇ يېشىلىپ جىگدە،
تۇشمۇ تۇشتىن چاچتى خۇشپۇراق.

شىكار قىلىپ ئۇۋلىدى شۇ دەم،
ھېسلىرىمنى شوخ سېرىق قۇشقاچ.
يۈرىكىمگە سېلىپ يېشىل ئوت —
دېدى ماڭا «باغرىڭنى كەڭ ئاچ»

مەست ئەيلىدى ۋۇجۇدۇمنى زەپ،
سۆيگۈ ئوتى جىگدە چېچىكى.
سېرىق، يېشىل بولۇپ كۆرۈندى،
بۇ يېزىنىڭ باغرى، ئېتىكى.

مىليون چېچەك مىليون يۇلتۇزدەك،
نۇرلاندۇرۇپ قەلبخانەمنى.
قويدى سۆيۈپ مەڭزىمگە تاتلىق،
زىلزىلىگە سېلىپ ئالەمنى.

## ھەسەت

رەڭ ئالغاندەك كونا ساماندىن،
چېھرى ھامان سېرىقتۇر — سېرىق.
زىغىر كۆزى قىزىرىپ ئوتتەك،
تالىشىدۇ قۇشقاچتىن تېرىق.

ئالەمنى چاڭ كەلتۈرسە بۇلبۇل،
ئۆرتىنىشتە قاقىدۇ پالاز.
كۈركىرىسا پاقا يېقىمسىز،
دەيدۇ ماختاپ «ئەجەب خۇش ئاۋاز».

تاشلىغۇسى كېلىدۇ يۇلۇپ،
پورەك — پورەك ئېچىلسا غۇنچە.
ئۆزى ئېشەك ئەمما تۇلپارنى،
يارانقۇسى كەلمەيدۇ شۇنچە.

يېڭى كىيىم كىيسە قوشنىسى،
سالاملاشماي يۈرىدۇ باتناپ.
ۋىتىلداقتەك بېسىلماي ئاغزى،
ئارقىسىدا تىللايدۇ قاقشاپ.

ئارىمىزدا يۈرۈيدۇ ھەر چاغ،
كۈن ئۆتكۈزۈپ ئاشۇ يوسۇندا.
پەردازلايدۇ رەڭگى روھىنى،
قويۇپ ئوسما يېڭى پوسۇندا.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش)

# ئىككى شېئىر

## ئەرۋاھ بىلەر، ئەۋلادچۇ؟

ئاتام ئۆلۈپ، ئۆچتى ئىزنمۇ،
لېكىن روھى كەتمەس ئېگىمدىن.
ئايلانسىمۇ تېنى تۇپراققا،
مېھرى ئۇچقۇپ تۇرار قېنىمدىن.

كۆرۈشتۈرۈپ تۇرار بىزلەرنى،
قۇچىقىدا چۈشلەر ئالىمى.
ئارىمىزدا كۆز يەتمەس بوشلۇق،
كۆكلەپ تۇرار دىللار ئارمىنى. . .

«شايى تونغا ئوراپ ئاتامنى،
يېگى گۆردە قويسام چۈشۈمدە؛
سۆيۈنۈشتىن تىرىلىپ بىردىن،
ھاپاشلارمىش مېنى شۇ دەمدە. . .»

ـ تۇۋا ـ دېدىم، ئويغىنىپ تاڭدا،
جان ئاتامنى قەۋەت سېغىنىپ.
ئەۋلادىنىڭ ساداقىتىنى،
ئەجدادلارمۇ تۇراركەن بىلىپ.

سوۋغا قىلسام تەختى ـ بەختىمنى،
سۆيۈنەرمۇ ماڭا ئەۋلادىم.
ياكى پايخان قىلىپ ئەجرىمنى،
چاك قىلارمۇ يەرنى پەريادىم! ؟

## ئاخىرقى ئىشكىنىڭ كارامىتى

سۈرمەك بولۇپ ھايات پەيزىنى،
چوڭ شەھەرگە باردىم سەھرادىن.
رېستورانغا قىلدىم ئىشتىراك،
چىقاي دېگەن ئويدا پۇخادىن.

ئۇلاشماستا تۈنجى ئىشىككە،
ئىككى خانىش قىلدى مەرھەمەت.
كىرگىنىمدە بېھىش جەننەتكە،
ئۆتتى دىلنى نازلىق سەلتەنەت.

ئاي شەكىللىك چاقناق شىرەگە،
يېمەك ـ ئىچمەك قىلىندى تۆكمە.
زەپەر قۇچقان شاھتەك كۆتۈلۈپ،
بولدۇم مامۇق تەنلەرگە چۆكمە. . .

ھۇزۇرلىنىپ غەرق مەست چېغىم،
كۆپ ئىشكتىن يۆلەپ چىقىلدىم.
ئەمدى بىلدىم بەختىنى، تۇۋا،
كېپىنەكتەك يايراپ ـ ئېچىلدىم.

ئالەم نەۋاخ بولدى بىلمەيمەن،
پۇل سوراشتى كۈتكەن نازىنلار.
بارنى بەرسەم، ئالدى ياقامدىن،
«بوپتۇ كېتەي» دېدىم ھازىرلا.

ئۇلار سۆرەپ سۇرلۇك ئىشىككە،
يات بىر تىلدا سۆزلەپ يوقالدى.
يەردىن ئۈنۈپ ئىككى كۆلەڭگە،
مۇشت ئاتتىمدە ـ كۆزدىن ئوت ئالدى. . .

نېمە ئەھۋال يۈز بەردى يەنە؟
كېلىپ قالدىم بۇ يەرگە قانداق؟
نە بولغىيدى مەن ياتقان ئورۇن؟
بىلەلمەيمەن، باش، كۆزۈم چاتاق.

تېڭىۋېتىپ بېشىمنى بىرسى،
«بۇ نېمە ئىش؟» تەكرار سورايدۇ.
تىنالمايمەن، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس،
ئەمدى مېنى تونغا ئورايدۇ. . .

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

چوپانى

# غەزەللەر

1

ئاھ كۆزۈڭ تۇرغاچ قۇرۇپ قاپقان يولۇمغا، قۇرغۇيۇم،
بولدۇم ئەسىر ئىشقى ئوتۇڭ سالغان زۇلۇمغا، قۇرغۇيۇم.

كەتسە ھوشۇم ئىشقىڭمۇ جىم، ئەپسۇسكى، ئىشقىڭ دەررىسى،
ئىڭراپ ئۆرۈلسەملا تېگەر ئوتۇڭ ھەم سولۇمغا، قورغۇيۇم.

يالقۇنغا چۈشكەن قىلسىمان ئاھ - زار ئۇرارمەن تولغىنىپ،
تۆككەن يېشىم ئالساڭ كېلەر لەك مىڭ تۇلۇمغا، قۇرغۇيۇم.

مەۋجۇتلۇقۇمدىن جاق تويۇپ، ئۇنتاي ئازابنى دەپ تامام،
ئىچتىم شاراب كۈندۈز - كېچە تاپقان پۇلۇمغا، قۇرغۇيۇم.

سەكراتتىكى قاقشال جىنى ياشنايتتى قايتا مالچىنىڭ،
ئاپئاق سەھەر ئاستا كېلىپ قونساڭ قولۇمغا، قۇرغۇيۇم.

2

كۆزلىرىڭدىن ناز ئەۋەتىپ پۈتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە،
دىل بېغىمدا شوخ كىيىكتەك ئوتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە.

«ئاھ، يارەي» ئوقچۇپ نېيىمدىن پەنجىرەڭدىن مارىسا،
«نەي چېلىپ ئۇخلاتمىدىڭ» دەپ سوتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە.

مەن ۋىسال تەييارلىقى بىرلە جىمىپ كەتسەم ئۇزاق،
ئېھتىيات ئەيلەپ يولۇمنى چىتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە.

چىتلىرىڭنى ئەيلىسەم خەس سەن ئۇچۇن جاندىن كېچىپ،
نۇسرىتىمنى چىن دىلىڭدىن قۇتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە.

سۆيگۈ سېھرىڭ ئارقىلىق مەستخۇش - سېھىرلەپ مالچىنى،
لەۋلىرىمدىن قانغۇدەك مەي ئوتلىدىڭ تاڭ ئاتقۇچە.

3

تەلمۈرۈپ ۋەسلىڭگە، دىلبەر، ساقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە،
چىقمىغاچ، ئۆردەكسىمان غاق - غاقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

تاقىتىم - سەبرىمگە ھەمدەم بولغىلى تاقەت تىلەپ،
نەۋقىران ئايغا دىلىمنى قاقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

ھىدلىرىڭغا پۈركىنىپ ياتقان كۆمۈش قار ئۈستىدە،
ناشتىسىز قالغان كىيىكتەك تاقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

ۋەسۋەسە ئەيلەپ شاياتۇن چاپلىغاچ بۆھتان ساڭا،
كۆرسىتىپ پاكىت قۇياشتەك ئاقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

مالچىغا كەلگەچ ئېلىپ چۈش كەپتىرىم سەندىن خەۋەر،
بەختىيارلىق ئىلكىدە ئويناقلىدىم تاڭ ئاتقۇچە.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# سامان يولى

(ھېكايە)

1

— ئوھوي، تېلېفون . . . ! شۇنداق قىلىپ تېلېفوننى ئاخىرى ئورنىتىپسىز - دە، — كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكىلى بىر نەچچە ھەپتە بولغان جەمىلە ئىشىكتىن كىرىپلا تومپۇچكا ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك تېلېفون ئاپپاراتىنى كۆردى ۋە خۇشاللىقتىن قېن - قېنىغا سىغمىغان ھالدا ياندۇرۇپ سورىدى، — قاچان بېكىتىۋالدى- ڭىز؟

— پوچتىخانىدىكىلەر ئەتىگەندىلا ئىش باشلىغان. ھېلىراقتا ئورنىتىپ بولدى.

جەمىلە مۇرىسىدىن ئېسىلىپ، بېقىنىدا ئويناقلاپ تۇرغان كىچىك سومكىسىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدى - دە، تومپوچكىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ بىزنىڭكىدە راستلا تېلېفون ئورنىتىلغانلى- قىغا تېخىچە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.



كۆزلىرىدىن تەئەججۇپ، ھەيرانلىق ۋە سوئال مەنىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل نۇر سۇس جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ تېلېفون ئاپپاراتىنى ئاۋايلاپقىنا سىلىدى. تورۇپكىنى ئېلىپ قۇلىقىغا ئاپاردى. شۇندىلا بۇنىڭ بىر ئويۇنچۇق تېلېفون ئەمەسلىكىگە، تومپوچكا ئۈستىدە تۇرغان بۇ قىزىل مۇشۇكنىڭ كىشىلەر ھەقىقەتەن مودا ھېسابلىشىدىغان، پەخىرلىنىدىغان ۋە ماختىنىدىغان تېلېفون ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

— نومۇرى قانچە؟— دېدى ئۇ شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — تېلېفون ئورنىتىپ بەكلا ياخشى قىلىپسىز مۇرات. بىزنىڭ ئىشخانىدىكىلەر-نىڭ ھەممىسىنىڭكىدە تېلېفون بار ئىدى. ئاخىرى بىزنىڭمۇ بار بوپتۇ مانا.

— تېلېفونىنىڭ نومۇرى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سەكسەن ئالتە.

ئۇ بۇ نومۇرنى يەنە تەكرارلىغاندىن كېيىن كىچىك بالىلاردەك چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— ئاسانلا نومۇركەنغۇ، ئاپامىلارغا تېلېفون بېرەيمىكىن. . .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئەمما ئۇنىڭ تېلېفون بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. ئۇ ھەر قېتىم كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلسە بوينۇمدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «مۇرات، سىزنى بەك سېغىندىم جۇمۇ. . .» دېگىنىچە ئوتتەك لەۋلىرىنى چىڭ بېسىپ مېنى سۆيۈپ كېتەتتى. . . مانا ئەمدى ئۇ تېلېفون ئۇرۇش بىلەن ئاۋارە، كۆڭلۈم ھېيت كۈنلىرى ئۆيگە كىرگەن مېھماندىن ھېيتلىق تەمە قىلغان، لېكىن كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىگەن كىچىك بالىنىڭكىدەك يېرىم بولدى. جەملە بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ئانىسىغا تېلېفون ئۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىر نەچچە نومۇرنى قايتا - قايتا بېسىپ، تورۇپكىنى قۇلىقىغا يېقىپ خېلىلا كۈتكەن بولسىمۇ،

قارشى تەرەپتىن تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا تورۇپكىنى قويۇۋەتتى.

— ھەي ئىست، چوڭ ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن، — دېدى خورسىنغان ھالدا. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىدە ئايالىم قىلىدىغان يەنە بىر ئىش كۆپەيدى. ئۇ ھەر مىنۇت، ھەر سائەت قولى بوشىسىلا تومپوچكىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالاتتى - دە، تېلېفون ئاپپاراتىنى، تورۇپكىنى، ھەتتا تېلېفون سىملىرىغىچە ھەممىنى لۆڭگە بىلەن پاكىز سۈرتەتتى. ئۇ بۇ ئىشىدا شۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھەمىشە سۈرتۈلگەن تېلېفون مەر - مەر تاشتەك يالتىراپ تۇراتتى. بۇ نەرسىنىڭ ئايالىمغا قانچىلىك خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

— ئەمدى چوڭ ئۆيدىكىلەردىن، دوستلاردىن تېلېفون كەلسە، چاقىرىپ قويغىلى كىرگەن قوشنىلارنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئارقىسىدىن سوكۇلدىمايدىغان بولدۇق، — دېدى جەملە ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا، — قاراڭە جېنىم، تېلېفون دېگەنمۇ ئۆينىڭ زىننىتى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ياراشتىكى. . .

ھەپتىگە قالماي بىز ئارىلىشىدىغان يېقىن - يورۇق بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى تېلېفون نومۇرىمىزنى بىلىپ بوپتۇ. جەملە كىمنى كۆرسە سېغىنزخانىدەك شاراقلاپ: — تېلېفون ئۇرارسىلەر، بىزنىڭ تېلېفون نومۇرى . . . — دەپ قايتا - قايتا جىكىلەيت-تى. ئۇنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئۆيىمىزگە ھەر كۈنى دېگۈدەك يا ئۇ، يا بۇ تېلېفون بېرەتتى. تېلېفون جىرىڭلىغان ھامان جەملە «مەن ئالاي» دەيتتى - دە، تومپۇچكىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇنىڭ كىچىك بالىلارنىڭكىدەك بۇ قىلىقى زادىلا دىتىمغا ياقمايتتى.

— خوتۇن، تېلېفون كېسىلى بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ،— ئۆزۈڭلىنى

www.uyghurkitap.com

ئاياڭلا جۇمۇ. ناۋادا تېلېفونغا سېزىك بولۇپ قالساڭلار، بالىمىز تۇغۇلغاندا تۇرۇپكىنى قولىقىدا تۇتۇپ چۈشمىسۇن يەنە. . .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — جەملە خاپا بولغاندەك دومسايدى. — تېلېفون كەلسە ئالىدىغان گەپقۇ ئۇزى. شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ قېلىشۋاتامسىز؟ چىدىماس. . . — ئۇ ئۆزىچە غوتۇلداپ، بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

2

ئۇستەل سائىتىنىڭ بىر خىلدىكى زېرىكىشلىك چىكىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قىيا ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە ئاراچلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن سۇت رەڭگىدىكى ئاي نۇرى ئۆي ئىچىدە ئالا بۇلىماچ دۇگىلەك شەكىللەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئوتتەك قىزىق ھارارەت تەپتىدە تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپلا قالغانىدى. جەملە نازۇك ئىڭرايتتى. ئۆي ئىچىدە ئاچكۆزلۈك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. . . ئاھ، شېرىن تۇيغۇلار گىرەلىشىپ كەتكەن كارىۋات، ئاي نۇرى بىر ئۇچۇم كۆمۈش تەڭگە چېچىۋەتكەندەكلا كۆرۈنىدىغان ئۆي ئىچى، قاتتىق چىلىق سۆيۈشلەر ۋە نازۇك ئىڭراشلار. . . ھەممە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە، دەل شۇ چاغدا تومپۇچكا ئۇستىدىكى تېلېفون ھۆپپۆپتەك سوزۇپ - سوزۇپ سايراپ كەتتى. ئاھ لەنىتى تېلېفون. . . دەقىقە ئىچىدە تىنىقلار توختىدى. خۇددى سىرتتا، يىراق - يىراقلاردا دەھشەتلىك بوران گۇركىرەپ، ئورمانلار شاۋقۇن سېلىۋاتقاندەك، دەل - دەرەخلەر قاراسلاپ سۇنۇپ يىقىلغاندەك غەلىتە بىر ئاۋازلار بۇ ئەنسىز يۈرەكلەر قەپىسىگە زەربە بىلەن ئۇرۇلاتتى. خۇددى بىچارە توشقان ساراسىم ئىچىدە كاتىكى سىرتىدىكى تىۋىشكە قۇلاق سالغاندەك، بىز دىمىمىزنى يۇتقان ھالدا تومپۇچكا ئۇستىدىكى بۇ ساراڭنىڭ سايراشتىن توختىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتاتتۇق. تېلېفون ھېچ توختاي دېمەيتتى. جەملە بوينۇمدىكى قولىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، مۇشۇكتەك تۇگۇلگىنىچە قولتۇقۇمغا بېشىنى تىقتى. تېلېفون بارغانچە زورۇقۇپ كۇركىرايتتى. بىر پەس كۈتۈپ ياتقان بولسامۇ، ئۇ بولدى قىلاي دېمىدى. قارىغاندا تېلېفون بەرگۇچى خېلىلا سەۋر تاقەتلىك كىشىدەك قىلاتتى.

— پوق يەيدىغان گۇينىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان، تازا بىئەپ چاغدا. . . — غەزىپىمنى باسالمىغان ھالدا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. جەملەمۇ نېمىگىدۇر غودۇڭشۇپ تام تەرەپكە ئۆرۈلدى. مەن ھەممە ئاچچىقلىرىمنى تېلېفوندىن ئالماقچى بولغاندەك تۇرۇپكىنى يۇلۇپ دېگۇدەك ئالدىم.

— ۋەي.

— ۋەي، ئاجۇيجاڭمۇ سىلى؟ قانداق ياخشى تۇرۇۋاتامدىلا؟ سىلى دېگەن ئىشنى جاي - جايدا بېجىرىۋەتتىم دېسىلە، ساپمۇ ساق ئوتتۇز مىڭ كوي ئالىقانغا كىردى. ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن. خانىمغا ئەۋەتكەن قاما پەلتۇ ئوبدان كەلدىمۇ؟

— ھەي يولداش، سىز قايسى ئاجۇيجاڭنى دەيسىز؟ — مەن شۇندىلا بۇ تېلېفوننىڭ خاتا ئۇرۇلغانلىقىنى پەملىدىم.

— نېمە؟ بۇ كادىرلار ئىدارىسىدىكى ئاجۇيجاڭنىڭ ئۆيى ئەمەسما؟

— ياق، بۇ مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى ئاددىي بىر كادىرنىڭ كەپىسى، — مەن غەزەپتىن چىشلىرىمنى غۇچۇرلاتقان ھالدا جاۋاب بەردىم.

— ئاپلا، خاتا بولۇپ قاپتۇ، راستلا خاتا بولۇپ قاپتۇ. كەچۇرسىلە.

— كەچۇرمىگىدەكقۇ ئىش ئەمەس. لېكىن شۇ تاپ سىز ئائىلىمىزنىڭ كېچىلىك پەيزىسىنى بىر بۇزدىڭىز - دە، سىزگە مەسلىھەت يولداش، شۇ تۇرقىدا ئاجۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە تېلېفونىنى توغرا ئالسىڭىزمۇ ئۇلارنى خۇشال قىلالمايسىز. ناۋادا

ئاجۇيجاڭنىڭ شېرىن مىنۇتلىرىغا دەخلى قىلىسىڭىز مەن سىزنى كەچۈرگەن بىلەن جۇيجاڭ كەچۈرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئايالى سىزنى قارغىۋېتىدۇ. شۇڭا رەنجىمەي، ئەتە تاڭ ئاتقاندا خۇشخەۋەر يەتكۈزمەمسىز بولمىسا؟ قانداق دېدىم؟

قارشى تەرەپ ئىندىمەي بىر ئاز تۇرۇپ قالدى - دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. قارىغاندا زەھەردەك ئاچچىق، تاپىدەك سېسىق سۆزلىرىم ئۇنىڭ غورۇرىغا قامچىدەك تەگكەن بولسا كېرەك، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما پەرەز قىلىمەنكى ئۇ مېنى شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە تىللاۋاتىدۇ. بەلكىم دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ ھاقارەتلىك تىللار بىلەن مېنى كۆمۈۋاتىدۇ. پەرۋايىم پەلەك. ئىتنىڭ قارغىشىغا بۆرە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. لېكىن، كاساپەتنىڭ قىلىقىنىزە. . .

قايتىدىن يوتقانغا كىردىم. ئەمما مېنىڭمۇ، جەمىلەنىڭمۇ ۋۇجۇدىدا ھېلىلا كۆتۈرۈلگەن قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. يوتقان ئىچى جاڭگالدىكى ئوتۇنچىلار ياققان گۈلخاننىڭ ئورنىدەك سوغۇق ۋە قۇپقۇرۇق ئىدى. مەن جەمىلەنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ، قولۇمنى سوزدۇم. بىراق ئۇ نېمىگىدۇر بوتناپ قالغاندەك قولۇمنى ئىتتىرىۋەتتى.

كېچە، كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. بىنانىڭ كەينىدىكى ئورمانلىقتىن چېكەتكىلەرنىڭ توختاۋسىز چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. يىراقتا، ناھايىتىمۇ يىراقتىكى يولدىن بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ سۈس گۈرۈلدىگەن ماتور ئاۋازى ۋە كوزۇپ تۆمۈرلىرىنىڭ سىلكىنىشتىن بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاشلىرى كېلەتتى. جەمىلە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى ۋە نېمىنىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ گۇڭۇلدايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا مۇشۇكنىڭ پۇشۇلدىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېنىك تىنىق ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرىپتۇ - دە، ھەي بىچارە. . . » دېدىم ئىچىمدە، لېكىن كىمنى بىچارە دېگەنلىكىم ئېنىق ئەمەس. ئۆزۈمنىمۇ ياكى جەمىلەنىمۇ ۋە ياكى ھېلىقى تېلېفون ئۇرغان مەرەزنىمۇ، بىلمەيمەن.

«لەنىتى خۇشامەتچى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا تېلېفون بېرىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزىمەن دەپ ئاۋارە بولغىنىڭنى قارا. خىيالىڭدا ئاجۇيجاڭدىن ئالىدىغان چوڭ - چوڭ مۇكاپاتلارنى، يۈرەكنى ئوينىتىۋېتىدىغان ئاجايىپ ۋەدىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ؟ لېكىن سەن مەندىن كۈتكىنىڭنىڭ دەل ئەكسىچە مۇكاپات ئالدىڭ. بەلكىم شۇ تاپ ئىچىڭ ئاچچىققا تولۇپ غەزىپىڭنى باسالماي قالغاندۇرسەن. ئەمما ساڭىمۇ، ماڭىمۇ ئامال يوق. تېلېفوننى ئاپسەن. ئاڭلايدىغىنىڭنى چوقۇم ئاڭلىشىڭ كېرەك. كەيپى ئۇچقاندا ئادەم نېمىلەرنى دېمەيدۇ دەيسەن؟! سەن كىم بولغىيتتىڭ زادى؟ مەيلى كىم بول بۇ مۇھىم ئەمەس. سەن پەقەت قۇرتتەك ياشايدىغان، يەر شارىنى غاجاپ ھۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتكەنلەرنىڭ ئايىغىدا جان ساقلايدىغان خۇشامەتچىلەرنىڭ بىرى. سەن ھېلىھەم پەيلىڭدىن يانماي، مۇكاپات تەمەسىدە ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرىڭنى چىمچىقلىتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭ خىزمەت قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈككەنلەرنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى يېزىلغان خاتىرەڭدىن ئاجۇيجاڭنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەۋاتقانسەن. بەلكىم بۇ چاغقا تېلېفون بېرىپمۇ بولغانسەن. ئېرىشىشكە تېگىشلىك ۋەدىگە ئېرىشىپ، كۆڭلۈڭ تىنچىپمۇ قالغاندۇ. ئەمما مېنىڭ ئۇيقۇم قاچتى.

سەل- پەل بىئارام بولۇۋاتىمەن. نېمىگە بىئارام بولىمەن؟ نېمىشقا كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچىدۇ؟ ئۆزۈمنىڭ بېشىمدا ئەگىپ يۈرگەن تۇرمۇش مۇھتاجلىقلىرى ئۈچۈنمۇ ياكى ئاجۇيجاڭ كىمنىڭدۇر ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان ئوتتۇزمىڭ سوم ئۈچۈنمۇ؟ بۇنىسى نائېنىق. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى مەن تېخى ئويغاق. . .

3

— پۇل دەۋاتامسىز؟ نېمىگە؟ تاماكا ئالىمەن دەڭ، تېخى ئەتىگەندىلا بىر قاپ ئالغانغۇ، — جەمىلەنىڭ كەيپى ياخشى بولمىغاچقا قايناپلا كەتتى.

— تۈگىدى.

— نېمە؟ تۈگىدى؟ نان ئورنىدا يەۋەتمىگەنسىز؟ يېرىم كۈندە بىر قاپتىن تۈگەتكىلى تۇرسىڭىز، ئىش ئالدىمىزدا ئوخشىمامدۇ؟ شۇنچە چەككۈدەك نېمە دەرد كەلدى سىزگە؟ يا بىرەرسىگە ئىچ - پەش تارتىپ قېلىپ دەردىڭىزنى تاماكىدىن ئېلىۋاتقان گەپمۇ ئۆزى؟

مەن ئىندىمىدىم. جەمىلە بىر هازا قاسقان قېقىپ، بىر تاغار كوتۇلدىغاندىن كېيىن، پايپىقى قېتىغا قىستۇرۇۋالغان بەش سومنى ئېلىپ، سەدىقە تىلەۋاتقاندەك ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان قولۇمغا پاققىدە تۇتقۇزدى - دە، ۋېلىسىپىتنى تاراقلىتىپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراشلا ئىشقا ماڭغانىدى.

— خوتۇن كىشىگە پۇلمۇ تۇتقۇزامدىغان كىشى، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — بىر ئۆيدە بولغاندىكىن دەپ ئەپكېلىپ بەرگەن پۇلنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، ھەتتا تاماكىغا كېتىدىغان پۇلغىمۇ كۆز قىزارتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان؟ تاپقىنىنى بىر تاۋكادا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلەك - ئىشتانلىرىنى سېتىپ خەجلەيدىغان، خۇشى كەلسە ئەركىلىتىپ، خۇشى كەتسە، كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئىت - ئېشەكنى دۇمباللىغاندەك تاياققا كىكىر گۈزۈۋېتىدىغان كىشىلەرمۇ ئەرغۇ! ھەي، خوتۇن دېگەن بەئەينى بىر پاشا، سەللا چىڭ تۇتۇۋالساڭ ئۆلۈپ كېتىدۇ. سەل قويۇۋەتسەڭ جاھانغا پاتمايدۇ. ۋىرىڭ - ۋىرىڭ قىلىپ، قۇلىقىڭنىڭ مېڭىسىنى يەيدۇ. ساڭا ئاراملىق بەرمەيدۇ. كونىلار «ئايال كىشى دېگەن تومۇر تۇتۇشتا ھەر قانداق ئۇستا تېۋىپتىن قېلىشمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. مانا، جەمىلەمۇ مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇشنىڭ كويىدا. لېكىن ھەر نېمىلەرنى دېگەن بىلەن تاماكىغا كېتىدىغان پۇلنى بەرمەي ئامالى يوق...

«قار لەيلىسى» ناملىق تاماكىدىن بىر قاپ سېتىۋالدىم. «ئىش ھەققى گېلىدىن ئاشمايدىغان كۆپ سانلىق بەڭگىلەرنىڭ سىرداش دوستى - دە، سەن» دەپ ئويلىغىنىمچە ئىككى سوم خەجلەپ سېتىۋالغان تاماكىنى بۇرنۇمغا ئەكېلىپ، خۇددى گۈل پۇرىغاندەك ھىدلىدىم. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئەمدىلا تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ۋەي.

— ۋەي، جەمىلەما؟

— قانداقسىگە جەمىلە بولىدۇ؟ قۇلىقىڭىزغا شامال تېگىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ مەن دېگەن مۇرات. ئاۋازىمدىن ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىمنى پەرق ئېتەلمەمسىز؟ — غۇززىدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقىنىمچە قارشى تەرەپتىن سورىدىم، — ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— جەمىلە بارمۇ؟ — ئۇياق سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پەرۋاسىز ھالدا ياندۇرۇپ سورىدى.

— ئىشقا كەتكەن. ئۆزىڭىز كىم؟ جەمىلەدە نېمە ئىشىڭىز بار؟

— بۇ ئىككىمىزنىڭ شەخسىي ئىشى. سىز ئارىلاشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. خوش، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — ئۇياق شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن تۇرۇپكىغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. تۇرۇپكىدىن «تىت... تىت... تىت...» قىلغان بىرلا ئاۋاز تەكرار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ سولتەك؟ تېخى «جەمىلە بىلەن ئىككىمىزنىڭ شەخسىي ئىشى» دەۋاتىدا؟ كىمكىنە ئۇ؟ جەمىلەنىڭ خىزمەتدىشىمىكىن - يا؟ ياق، بۇچاققىچە جەمىلە ئىشقا بېرىپ بولدى. ئۇ شۇ تاپ ئىش ئۈستىدە. ھەممە خىزمەتداشلىرىنىڭ يېنىدا

بولىدىغۇ. . . ئەمىسە ماۋۇ تېتىقسىز سولتەك زادى كىم؟ جەمىلەنى قانداق تونۇيدۇ؟ مەن ئارىلاشمىسام بولىدىغان ئۇلارنىڭ قانداق شەخسىي ئىشى بار؟ . . . — ئويلىغانسىرى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان چىگىش سوئاللار مېڭەمنى قوچۇۋەتتى. ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ تۇرۇپكىنى غەزەپ



بىلەن تېلېفون ئۈستىگە تاشلىدىم. «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تومپۇچكا جىغىلداپ كەتتى.

كەچ كىرگىچە ئاچچىقىم بېسىلمىدى. چۈشتىن كېيىن دەم ئالىدىغان بولغاچقا ئاشخانا ئۆيدىكى ئىس تارتقۇنى رېمونت قىلىشنى ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، قولۇم ئىشقىمۇ بارمىدى. قورسىقى راسا تويۇپ، يوتقان ئۈستىگە چىقىپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن مۈشۈكنى ئەسلىتىدىغان تېلېفون ئاپپاراتىغا چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپ بىر قاپ «قار لەيلىسى» نىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

— ۋاي - ۋۇي، خۇمدانىنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ ئۆي؟ — جەمىلە ئىشتىن قايتىپ، ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا قايناشقا باشلىدى، — ھوي سارالڭ. نېمە قىلىۋەتتىڭىز بۇ ئۆينى؟ تاماكا دېگەننى شۇنداقمۇ چېكەمدۇ كىشى؟

ئۇ كوتۇلدىغىنىچە ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. بالكوندىن كىرگەن ساپ - سالقىن ھاۋا ئۆينىڭ ئىچىگە تەپ - تەكشى يېيىلدى. مەڭزىمنى سىپاپ ئۆتكەن غۇر - غۇر شامال تاماكا ئىسىدا ئېسىلىپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىمنى ئاستا - ئاستا يەڭگىللەتتى. مەن دېرىزىدىن تولغىنىپ، يېيىلىپ سىرتقا ئېقىۋاتقان كۆكۈش ئىسلار ئېقىنىغا نەزەر سالغىنىمچە جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — جەمىلە ئۆينى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىمغا كېلىپ يۇمشاق ئاۋازدا سورىدى، — چىرايىڭىز بۆلەكچىلە-غۇ؟ نېمە يېڭىڭىز بار؟

مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا تۈنجى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك مەندىن ئەھۋال سوراپ، كۆڭلۈمنىڭ نېمە تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۈگۈن ماڭا باشقىچە تۇيۇلدى. خۇددى بىرەر ئەيىبى ئېچىلىپ قالغاندا مۈشۈكتەك سۈۋۈنۈپ، كۈچۈكتەك ئەركە-لەپ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك، ئۆز ئىشىدىن خۇدۇكسىرەپ، ماڭا يالغاندىن كۆيۈنۈۋاتقاندەك. . . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، كۆزلىرىدە بىر خىل سۇنئىيلىك ئۆزىنى غىل - پال كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك . . . بىر خىل ئاچچىق گۇمان ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، يازغۇچى ئاغىنەم مۇرادىلنىڭ «ئۆز ئېرىدىن كۆڭلى قالغان، نىيىتى بۇزۇلغان ۋە غەيرىي كوچىلاردا پايپاسلاپ يۈرىدىغان ئايال ئۆز ئېرىگە شۇنچىلىك كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇكى، ھەتتا ئېرىگە بولغان سەممىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە زورقۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە سەن ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەيرىي كوچىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى-خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بولىسەن. . . » دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. مۇرادىل دېگەن بىر يازغۇچى، دانا ئادەم. ئۇ نېمە دېگەن توغرا سۆزلىگەن - ھە؟ مانا، جەمىلە

www.uyghurkitap.com

ئەجەب بۈگۈن ماڭا كۆيۈنۈپ كېتىۋاتىدا، مېنىڭ نېمە يېگۈم بارلىقىنى بىلگىسى كەپقاپتىغۇ ئۇنىڭ؟ قارىغاندا راستلا جەمىلەنىڭ قورسىقىدا جىن بار ئوخشايدۇ. قېنى كۆرىمىز. پوق دېگەن بەرىبىر پوق، ئۇنى كىمخاپ خالتىغا ئېلىپ، ئەتىر چېچىپ قويساڭمۇ بەرىبىر پۇرىماي قالمايدۇ. . .

شۇ خىيال بىلەن جەمىلەنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا، جاۋاب كۈتۈپ بىر خىلدا قاراپ تۇراتتى.

— سۈيۈقئاش.

قانداقلارچە بۇ جاۋابنى بەرگىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. جەمىلە سۈيۈقئاشنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى. ئاڭلىشىمچە قېينانام جەمىلەگە قورساق كۆتۈرگەندە سۈيۈقئاشقا ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن. . . شۇ سەۋەبتىن ئانىسىدىن ئۇدۇم ئالغان جەمىلە پەقەت مەن كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ كەيپتىن يېشىلەلمىگەن چاغلىرىمدا، هاراق چىشلىۋېلىپ بىئارام بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا ماڭا ئاتاپلا بىرەر چىنە ئاش قىلىپ بېرەتتى. قالغان ۋاقىتلاردا مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىغا هۆرمەت قىلىپ، سۈيۈقئاشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتىم. مانا، شۇتاپ ئاغزىمدىن «سۈيۈقئاش» دەپ چىقىپ كەتتى. قېنى، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟ «ئەگەر ۋىجدانەن ئېيتقاندا ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئەيىبلىك سانىسا، ئۆزىنى ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان هېس قىلسا سۈيۈقئاشنى چوقۇم ئېتىدۇ. ئەكسىچە بولسا رەت قىلىدۇ. . .» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. جەمىلە مېنىڭ كۆڭلۈمدە هازىرلانغان بۇ تاۋكادا ئاسانلا ئۆتتۇرۇۋەتتى.

— نېمە؟ سۈيۈقئاش دەمسىز؟ راستلا كۆڭلىڭىز سۈيۈقئاش تارتىۋاتامدۇ؟ بوپتۇ ئەمسە. . . — ئۇ پەرتۇقنى تارتقىنىچە ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ئىم، — نېمىگىدۇر خۇشال بولغاندەك بىر تاتلىق سېزىم ئىچ باغرىمنى سىلاپ ئۆتتى. بۇ بەلكىم تاۋكادا جەمىلەدىن غالىب كەلگەنلىكىمنىڭ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغانلىقىمنىڭ تەنتەنىسى ئېلىپ كەلگەن بەكمۇ قىسقا، دەقىقە ئىچىدىكى شادلىق ئېلىپ كەلگەن تاتلىق سېزىم بولسا كېرەك. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، بەختىمنى دوغا تىكمەسلىكىم، هېچبولمىغاندا جەمىلە مېنى يېڭىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغان ۋە هېلىقى ئەبلەخنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى كۆڭلۈمگە ئالمىغان بولاتتىم. ئاشۇ قىسقا ۋاقىت پەيدا بولۇپلا غايىب بولغان تاتلىق سېزىمنىڭ ئارقىسىدىن چىداپ بولمايدىغان غەزەپ، قىزغىنىش ۋە رەشك گۈلخانلىرى شامالغا دۈچ كەلگەندەك بىراقلا ئوت ئالدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىزنىڭ باشقىلارنىڭ يوتقىنىدا، مەيدىسىنى چۈپۈر بېسىپ كەتكەن بىرىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرگەن يىگىتنىڭ توسۇپ قېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ياۋايى هېسسىياتىغا ئوخشاش، ئاجايىپ بىر قارامىلىق ماڭا كۈچ كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاشخانا ئۆيدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان پىچاق ۋە چۈمۈچلەرنىڭ تاكىلداشلىرىغا قۇلاق سالغىنىمچە چىشلىرىمنى كىرىشتۇردۇم.

— خەپ سېنى. . .

دەل شۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. «هۇ يەر يۇتقۇر، تەپ تارتماستىن يەنە تېلېفون ئۇرۇۋاتامسەن؟ كىملىكىڭنى بىر بىلسەم ئىدىم. شۇ تاپ سېنى كۆز ئالدىمدا كۆرىدىغان بولسام، ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا يۈز مىڭ پۇشايمانلارنى قىلغان بولاتتىڭ. هەتتىڭگەي. . . شۇ خىيال بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى ئاڭلىغان جەمىلەمۇ ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقتىن يېرىلايلا دەپ قالدىم.

— ۋەي — دەپ ۋارقىرىدىم تۇرۇپكىنى ئاغزىمغا يېقىپ تۇرۇپ.

— ۋەي، مۇراتمۇ سىز؟ نېمانداق

ساراڭلىق قىلىپ ۋارقىراپسىز جېنىم؟ تېخىچە بۆرە كۈچۈكىدەك ئىنىڭىزدىن چىقالمايۋاتامسىز؟ مەن سىزگە ساقلاۋاتقىلى نىكەم؟ — تۇرۇپكىدىن مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، شوخلۇقى ئىچىگە سىغماي قالغان بىر ئايالنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى، — تېز بولمامسىز جېنىم، مەن ئەزەلدىن مىس - مىس ئەرلەرگە بەك ئۆچ جۇمۇ. . .

— ۋەي، ۋەي، سىز كىم؟ تېلېفوننى خاتا ئۇرۇۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ سىز . . . سىز. . . — مەن جىددىيلەشكىنىمدىن كېكەچلەپ قالدىم.

— نېمە، ھېلىقى جىن قوشۇقىغا ئوخشايدىغان مېكىيىنىڭىز قېشىڭىزدا بار ئوخشىمامدۇ؟ نېمىدىن قورقىسىز جېنىم، قورقماڭ، ناھايىتى كەلسە باشقىدىن ئۆيلەيمەنغۇ سىزنى.

— تولا كاپشىماڭ، سىز. . . .

— سىز دېگەن جېنىم . . . «دەل سائەت سەككىزدە، ‹ئاق بۇلۇت› رېستورانىدا ئۇچرىشايلى، ھەرگىز كېچىكمەڭ» دەپ قايتا - قايتا جېكىلىگەن. ئەمدى بۇ سۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ تېز بولۇڭ، پۇرسەت غەنىمەت. . . ! رېستوراندىن چىقىپ، سىز دېگەندەك بىرەر مېھمانخانىنىڭ خالىيراق ياتىقىدىن بىرنى ئالىمىز - دە، كېچىچە. . .

مەن ئىتتىكلا جەملەگە قارىدىم. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن خېلىلا ئۇنلۇك ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. پۇت - قوللىرى لاغ - لاغ تىترەۋاتقان جەملە تومپۇچكىغا تايىنىپلا ئۆرە تۇرۇۋاتاتتى.

— ھەي، ھەي، كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدىم جىلە بولۇپ، — مېنى كىم چاغلاۋاتىسەن؟ سەن داپشاق ئىزدەيدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ سۆزلە. مەن دېگەن سېنىڭ خىيالىڭدىكى ئادەم ئەمەس. . . — تۇرۇپكىنى جاققىدە قويۇۋەتتىم. جەملە مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى خېمىر يۇقى قولى بىلەن سۈرتكىنىچە ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ تاپ مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى؛ تېلېفوندىكى ئايالنى ئەسلا تونۇمايدىغانلىقىمنى، بۇ تېلېفوننىڭ چوقۇم باشقا بىر مۇراتقا بېرىلىشى كېرەكلىكىنى، تېلېفون بەرگەن ھېلىقى بىرنېمىنىڭ چوقۇم خاتالاشقانلىقىنى، بۇنىڭ بىر ئوقۇشماسلىق ئىكەنلىكىنى قايسى يوسۇندا چۈشەندۈرۈشنى ئەسلا بىلمەيتتىم. نەس باسقۇر پاسكىنا مېنىڭ ھەممىلا پىلانلىرىمنى بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى. ئەسلىدە جەملەنى راسا بىر سوتلاپ، ھېلىقى گۆينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشىدىغانلىقىنى، نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى ئىقرار قىلدۇرماقچى ئىدىم. مانا، ئەمدى ئۆزۈم سوتلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن. خۇددى ئۇۋچى چوڭ قورام تاشنىڭ دالدىسىدا تىنەپ يۈرگەن بىر ئاھۇنى ئوقتا تۇتۇش ئۈچۈن قورالىنى بەتلەپ ياتقاندا، نېرىدىن ئاھۇنى قوغلاپ كەلگەن بۆرىنى كۆرۈپ قىلىپ، قورالنى تاشلاپ ئاھۇ بىلەن يانمۇيان قاچقاندەك، دەل ئۇنى قانداق سوتلاش ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرغىنىمدا، قاياقتىندۇر كەلگەن لەنتى تېلېفون مېنى بۆرىنى كۆرگەن ئوۋچىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. تېلېفون ئۇرغان قايسى شەيتان پۇشتىكىن؟ نېمىشقا ماڭا بۇنداق چاقچاق قىلىدىكىن؟ ئەستا. . .

كاللامدا تۈرلۈك تۈمەن خىياللار كەزمەكتە. ئاھ خۇدا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ بۇ ئوقۇشماسلىقنى قانداق تۈگىتىمەن؟ قانداق قىلسام جەملەنى ئىشەندۈرىمەن؟

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ نېمىلەرنى ئويلىدىمكىن؟ كاللام ئېغىر ۋە قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۆي ئىچى شۇنچىلىك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتقانىدىكى، ئۇستەل سائىتىنىڭ چىكىلداشلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مەن ئېغىر گەۋدەمنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئاشخانىغا، جەملەنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ

ياش يوقى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە گاز ئوچىقىنىڭ ئالدىدا ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، لېكىن يوپۇقى ئېچىلمىغان ھەيكەلگە ئوخشايتتى.

ئاش تېخىچە پىشماپتۇ - دە؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— «ئاق بۇلۇت» رېستورانىدىكى زىياپەتتە يېيىلىدىغان ئېسىل تائاملارنىڭ ئېشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاماق ئەتمىدىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— نەدىكى «ئاق بۇلۇت» رېستورانىكەن ئۇ؟ ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان تېلېفون ئۈچۈنمۇ شۇنچە قىلامسەن؟ — جىلە بولغىنىمدىن ۋارقىراپ كەتتىم.

— ئىسمىڭىز، بەرگەن ۋەدىڭىز، ئۇچرىشىش ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇياق شۇنچە ئېنىق دەۋاتسا، «ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان» دېيىشتىن يۈزىڭىز قىزارمامدۇ؟ ۋەدىلىشىپ قويۇپسىز، بېرنۆۋېرلىك. خەقلەر يەنە مېنى تىللاپ يۈرمىسۇن بىكار...

— جېنىم جەمىلە، ماڭا ئىشەن. مەن ئۇ ئايالنى راستلا تونۇمايمەن. راستلا...

— بولدى قىلىڭ مۇرات. ھەممە ئىش بەش قولدەك ئايان تۇرسا، ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ نېمە قىلىسىز؟ — جەمىلە ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىدىكى پەرتۇقنى يەشتى - دە، قازاننىڭ ئۈستىگە ئاتتى، — مېنى تولا ئوقۇتمەن دېمەڭ. سىز ماڭا ئۇستاز بولالمايسىز. چۈنكى سىز ئوقۇغان سىنىپتا مەنمۇ ئوقۇغان...

ئۇ ساپما كەشىنى پاقىلداتقىنىچە ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بىر نەرسە دېيىشىمنىڭمۇ ئورنى قالمىغانىدى.

4

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىزنىڭ ئائىلىنى سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلە ئۇۋىسى دېسە بولىدۇ. ئىلگىرىكى ئىناق، بەختىيارلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئائىلە شۇ تاپ قارا قۇيۇن ۋەيران قىلىپ ئۆتكەن ئوت - چۆپ دۆۋىسىدەك چېچىلاڭغۇ، بۇرۇختۇرما ھالغا كىرىپ قالدى. جەمىلە ئىشقا بارىدۇ، كېلىدۇ. ئەمما ئۆي بىلەن پەقەت چاتىقى يوق. ماڭا گەپمۇ قىلمايدۇ. ئىلگىرى ئىشلەپ قولى، سۆزلەپ ئاغزى جىم تۇرمايتتى. «ئاق قۇشقاچتەك چاۋىلداق، سوپسوپىياڭدەك سايراپ، سېغىزخاندەك شاراقلاپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئۇچاق قىلىدىغان خوتۇن بولدى - دە، بۇ جەمىلە...» دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ شۇ خۇيىنى ئېلىپمۇ قالغانىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇ ئىچىمگە تىنىپ يۈرۈۋىدى، «ئۇ يەنە چاۋىلدىسىكەن، ۋارقىراپ، جارقىراپ، نېمىگىدۇر چېچىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيسىكەن...» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئادەم دېگەن غەلىتە بولىدىكەن. كۆز ئالدىدا نېمە بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەن. نېمىدىن مەھرۇم قالسا، شۇ نەرسىسى ئۈچۈن ئاھ ئۇرىدىكەن. پۈتۈن پىكىر خىيالى قولىدىن چىقىرىپ قويغان شۇ نەرسىدىلا قالىدىكەن. ئادەمنىڭ ھەمىشە پۇشايماندا ياشىشىنىڭ سىرى شۇ بولسا كېرەك...

ئىشتىن كېلىپ كاستيۇمىمنى سېلىۋەتتىم. گالستۇكۇمنى بوشىتىپ تۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلىدى. مەن دەككە - دۈككە ئىچىدە جەمىلەگە قارىدىم. قوناقنىڭ شاراقلىشىنى ئاڭلىغان قوي پادىسى دۈكۈر - دۈكۈر قىلىشىپ، ئوقۇرنى چۆرگىلەپ يۈگۈرۈشكەندەك، تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا تۇرالماي قالىدىغان جەمىلە بۈگۈن ياتقان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى. تېلېفون بىر خىلدا كۇركىرايتتى. مەن تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ تومپۇچكا ئالدىغا كەلدىم. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىماسلىقىنى، كىمنىڭدۇر بىزنى يەنە ئاۋارە قىلماسلىقىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! ؟ بىراق، ئۇ ھېچ توختاي دېمەيتتى. مەن نائىلاج

تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ۋەي . . .

— جەمىلەما؟

— ئاھ. . . ھېلىقى لەنىتى ئاۋاز. يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجاپ، ماڭا ئاراملىق بەرمىگەن ھېلىقى خۇدا ئۇرغۇرنىڭ ئاۋازى!

مەن ئىندىمەي جەمىلەگە قارىدىم. ئۇ يۈك ئەدىيالغا چۈمكىلىپ تامغا قاراپ جىمجىت ياتاتتى.

— جەمىلە، تېلېفون . . . — مەن چىشلىرىم ئارىسىدىن چىقىرىپ دانىمۇ دانە قىلىپ سۆزلىدىم. ئۇ بېشىنى ئىتتىككىلا كۆتۈردى. ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدىكى ئايالىمنى دەل مېنى رەشىك ئوتىدا قىيناۋاتقان بىرىگە چاقىرىپ بەرگىنىمدىن غۇرۇرۇم قاتتىق ئازار يېدى. ئەمما بۇ تېلېفوننىڭ دەل مۇشۇنداق چاغدا، جەمىلە مېنى يوشۇرۇن سوتلاپ پىسخىك جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان بىر چاغدا كەلگىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغانىدى. مېنى دەردۇ - ھەسرەت زىندانىغا تاشلىغان «پاك سوتچى» نىڭ ئەمدىكى ھالى نېمە بولاركىن؟ ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرىدىغان، جاۋابكارلىق ئورۇندىن سوتچى ئورنىغا ئۆتىدىغان نۆۋەت ئەمدى ماڭا كېلەرمىكىن. . .

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا مېڭىپ تومپۇچكا ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. جەمىلە قولۇمدىن تۇرۇپكىنى ئالدى - دە، قۇلىقىغا ئاپاردى.

— ۋەي.

— ئاھ جېنىم، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلايدىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن - ھە! بۇلۇت كەينىگە مۆككەن ئايدەك غايىب بولىۋىدىڭىز، كۆڭلىرىمنى دوزاخ ئازابىدا ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. قېنى ئېيتىڭا، كونا جايغا قاچان قەدەم تەشرىپ قىلىسىز؟ مېنى بەك قىينىۋەتتىڭىز جۇمۇ. ئاشىقنىڭ ھالىغا مەشۇق يەتمىسە، خۇدانىڭمۇ كارى بولمايدىكەن. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن جېنىم. . . — جەمىلە بۇلارنى ئاڭلاپلا مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرۇپكىنى تۇتقان قولى تىترەپ، چىرايى مۇدھىش قىشنى باشتىن كەچۈرگەن غازاڭدەك بوزىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇرۇۋېلىپ ھېلىقى گۈينىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى ئېنىق ئاڭلاشقا تىرىشاتتىم.

— تۇمۇچۇقۇم، بىر نېمە دېمەمسىز؟ يا مېنى «يولۇمغا قاراپ ئۆلسۇن» دېدىڭىزمۇ؟ ئۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلماڭ جېنىم، بەندە بەندىنى ئازابلىسا گۇناھ بولىدۇ. مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن. . .

— ۋەي، ۋەي، ئۆزىڭىز كىم؟ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟

— جۆيلىسەممۇ سىزنى دەپ جۆيلىگەندىمەن تۇمۇچۇقۇم. بۇ مەن.

— ھۇ بېشىنى يەيدىغان . . . — جەمىلە تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. ئۇ قىش كۆنلىرى مۇز ئارىلاش سۇدا يۇيۇنغاندەك تىترەپ، ئاچچىقتىن چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەنىدى.

— تۇمۇچۇق . . . پاھ، چىرايلىق ئىسمىكەنغۇ بۇ؟ مەن تېخى سېنى «جەمىلە» دەپ ئاددىيلا چاقىرىپ يۈرۈپتىمەن. مۇنداقمۇ ئىسمىم بار دېگىن . . . — مەن سوغ ھىجىيىپ قويۇپ ھۇجۇمنى باشلىدىم، — بۇرۇنراق شۇنداق بىر ئىسمىڭنىڭ بارلىقىنى ماڭا دەپ قويساڭ بولمامدۇ؟ تۇمۇچۇق، تۇمۇچۇقۇم. . . مەن سېنى ھەرگىز بۇنداق ئاتاپ باقمىغان.

— سىز. . . — ئۇ كىچىك بالىلاردەك پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. شۇ چاغدا قايسىدۇر بىر كىتابتىن كۆرگەن «يىغا — ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئالدىدا قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئەپچىل قورالىدۇر» دېگەن بىر جۇملە سۆز ئېسىمگە كەلدى. راست، بۇ گەپنىمۇ يازغۇچى دوستۇم مۇرادىل دېگەنمىكىنە؟ بەلكىم شۇ دېگەندۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قەلەم بىلەن قەغەزنى بىر - بىرىگە سۈركەپ يۈرۈيدىغان بىرى دېگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى كىم دېمىسۇن بۇ گەپ راست ئىكەن.

مانا، جەملە مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاش، دىلىمنى ئېرىتىش ۋە ھېسداشلىقىمنى قوزغاش غەرىزىدە ئېزىلىپ، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. ئەخمەق خوتۇن ـ دە، سەن. ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭمۇ يىغلىشىمنى، ئايىغىڭغا يېقىلىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلىشىمنى ئويلاپ باققانمىدىڭ؟ بەلكىم ئويلىغانسەن. شۇ سەۋەبتىن چۈشەندۈرۈشلىرىمگە قۇلاق سالماي، مەن ئېگىلگەنسىرى تاياقتەك قېتىۋالغان بولۇشىڭ جەزمەن. مانا، خۇدانىڭ كۈنلىرى ئۆزۈڭغۇ، يىغلا خوتۇن. پۇخادىن چىققۇچە يىغلا، ئەمما مېنى كۆز ياشلىرىمغا ئىشىنىدۇ ـــ دەپ ئويلىما. قولۇڭدىن كەلسە بۇ ئۆينى كۆز ياشلىرىڭغا غەرق قىلىۋەت. ھەممىمىز سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭدا ئاقايلى. ئەمما مەن ساڭا ھەرگىز ئالدانمايمەن. . .

يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم. تاماكا تۈگەپ كېتىپتۇ. قۇرۇق قاپنى مۇجۇپ ـ مۇجۇپ تاشلىۋەتتىم ـ دە، بىنانىڭ تۆۋىدىكى بوتكىدىن تاماكا ئېلىش ئۈچۈن ماڭدىم. كەچكى شەپەق يىراقتىكى ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىگە شۇڭغىغان بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىكى بىنالار قىزغۇچ رەڭدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان غۇر ـ غۇر شاماللار ئاسفالت يولدا مېنىرال سۇ بوتۇلكىلىرىنى دومىلىتىپ ئوينىماقتا ئىدى. بىنادىن تاراۋاتقان، كەچلىك تاماق ئۈچۈن قىزدۇرۇلغان مايىنىڭ ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بىنا بىلەن ئاسفالت يول ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا چاچلىرىنى موزاي مۈڭگۈزى شەكلىدە ئۆرۈۋالغان بىر نەچچە قىز تەپكۈچ تېپىپ ئوينىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق، شادلىق كۈلكىسى دەممۇدەم كۆتۈرۈلەتتى.

مەن ئاسفالت يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىنانىڭ قارشىسىدىكى بوتكىدىن بىر قاپ «قار لەيلىسى» ماركىلىق تاماكا سېتىۋالدىم. خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەچكە بوتكا ئالدىدىلا بىر تال تۇتاشتۇردۇم ـ دە، بىر نەچچىنى شوراپلا چېكىۋەتتىم. ئېغىز ـ بۇرنۇمدىن چىقىۋاتقان، خۇددى تۇرخۇندىن كۆتۈرۈلگەن كۆمۈر ئىسىغا ئوخشاش قاپقارا تۈتۈنلەرگە قاراپ دۇكاندار ھەيران قالدى.

ـــ تاماكا خۇمارىنىڭ سۈت خۇمارىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق، شۇنداقمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغىنىچە.

ـــ شۇنداق، ئەمما مۇشۇ نېمىنى ئۆستۈرگەن، تاماكا قىلىپ ئىشلىگەن ۋە «قېنى ئوغۇل بالا بولارمەن بولساڭ، بىر چېكىپ باققىنە» دەپ زورلاپ يۈرۈپ چېكىشنى ئۆگەتكەن، شۇنداقلا ھازىر بوتكىلاردا سېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئالۋاستى. ئۇلارنىڭ بېشىغا لەنەتلەر ياغار ئىلاھىم، ـــ دېدىم تاماكىدىن يەنە بىر تال تۇتاشتۇرۇۋېتىپ.

دۇكاندارنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى ـ يۇ، تۇپرۇكىنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ جىم بولدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بىناغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

بۇ كېچە ھەر ھالدا تىنچ ئۆتۈپ كەتتى. جەملەگە باشقا بىر نەرسە دېمىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ ئۆزىدىن بىر نەرسە سورىشىمنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىمىز ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ، ھەممە يەرنى ئىس تۈتەك قاپلىغان زېمىندىكى ئوق ـ دورىلار، زەمبىرەكلەر، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، راكېتالارنىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان گۈمبىرلەشلەر ئىچىدە قورقۇنچتىن يۈرىكى يېرىلاي دەپ قالغان، بالا ـ قازانىڭ قارا قانىتى ھەر ۋاقىت بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن بىچارە كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. خۇددى شۇ چاغدا بىزمۇ تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان بىر جۈپ بومبا ئىدۇق. بىر ـ بىرىمىزدىن ئېھتىيات قىلىشاتتۇق. راستىنى دېسەم مەن جەملەدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراشنى

بىئەپكۆرەتتىم. پەرىزىمچە ئۇمۇ شۇ خىيالدا ئىدى.

تاڭ ئاتتى. ئەتىگەنكى يۈز يۇيۇش، چىش چوتكىلاش، گالىستۇكنى قاتۇرۇپ چىگىش دېگەندەك بىر يۈرۈش مەشغۇلاتلىرىمىز ئالدىراش تاماملاندى. ئەمدى چاي ئىچىش ۋاقتى يەتكەندە، ئەپسۇس، شۇ تۇرقىدا كىمنىڭ گېلىدىن چاي ئۆتىدۇ دەيسىز؟ مەن ئالدىراش كاستيۇمىمنى كىيدىم ـ دە، خىزمەت سومكامنى ئىزدەشكە باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا، مەن ئالدىراپ سومكامنى ئېلىپلا قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئىدارىغا قاراپ ئۇچىدىغان، جەمىلەنىڭ خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرمەسلىك پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە قېرىشقاندەك تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. ئاھ تەڭرىم نېمە ئىش بۇ؟ توخۇ پوق يېمەستە يەنە بىرسىمىزنى داغدا قويماقچى، يەنە بىرسىمىزگە باش ئاغرىقى ئېلىپ كەلمەكچى بولغاندەك بۇ تېلېفوننىڭ كوركىراشلىرىنى كۆرمەمدىغان؟ قايسى جىن ئۇرغۇر ئۇردىكىن بۇ تېلېفوننى . . . مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا جەمىلەگە قارىدىم. ئۇ غېمىدە يوق ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى تۇجۇپىلەپ پۇخۇنلىماقتا ئىدى. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى ئۇ ئاڭلىمىدىمىكىنە؟ ياق، چوقۇم ئاڭلىدى. ئەمما خۇددى ماڭا ئوخشاشلا تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىشتىن قورقىۋاتىدۇ. راست، ھەر ئىككىمىز تېلېفون تۇپەيلى يۈرەكئالدى بولۇپ قاپتىمىز. بولمىسا تېلېفون كەلگەن ھامان يا ئۇ ئالاتتى، يا مەن ئالاتتىم. كاساپەت، بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمىزنى پەقەتلا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتىغۇ مانا. . .

تېلېفون جىرىڭلاۋەردى. ئەمما ئۇنى ئالىدىغان ئادەم يوق. جەمىلە ئەينەككە قاراپ ئۆز مەشغۇلاتىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، كىچىك سومكىسىنى ئالدى ـ دە، ئىشقا ماڭدى.

قارىغاندا ئۇ ئۆيىنى ماڭا خالىي قالدۇرۇپ بېرىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. مېنىڭمۇ تېلېفون ئېلىش ئويۇم يوق. يەنە شۇ غىلجىڭ شەيتان ياكى ھېلىقى گېلىغا ھوننىاق چىققۇر ئەبلەخ بولۇپ قالسا كەيپىمنىڭ ئۇچقىنى شۇ. بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ھايات ماڭا ھارام بولىدۇ. شۇڭا تۇرۇپكىنى ئالدىم ـ دە، يەنە قويۇۋەتتىم. تېلېفوننىڭ قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان سەت كوركىراشلىرى ئۈزۈلدى. مەن خاتىرجەم بولۇپ، سومكامنى ئالدىم ـ دە، ئىشقا ماڭدىم.

ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە تېلېفون يەنە كوركىرىدى.

— چوڭ ئۆيدىكىلەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ ـ شۇ خىيال بىلەن ئارقامغا يېنىپ تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ۋەي. . .

— جەمىلەمۇ؟

— ئاناڭنى . . . ھەي لاتاغىلاپ، ئەركەك تۇكۇڭ بولسا نەق ئالدىمغا كەلمەمسەن؟ ـ ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم ـ دە، ۋارقىراپ كەتتىم.

— كەچۈرۈڭ بۇرادەر، جەمىلەنى قويۇپ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەركەك تۈكۈمنى چىقىرىپ يۈرسەم سەت ئەمەسمۇ؟ مېنى تەڭلىكتە قويماڭ. . .

ئۇنىڭ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ۋەزمىن ھالدا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئىتتىكلا تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. ئىچىم ئاچچىققا تولدى. ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىمەن دېگەن نىيەتتە تۇرۇپ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ ئەدەبلەنگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ مېنى قاتتىق ھاقارەتلىگەنلىكىنى زادىلا ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم.

— خەپ، بۇ ھېسابنى ھامان ئالماي قويمايمەن، ـ دېدىم ئىچىمدە.

5

تېلېفوننىڭ يېقىمسىز كوركىرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ئەمدىلا ئىلىنگەن كىرپىكلىرىم يەنە ئاجراپ كەتتى. تېلېفون سىرتتىكى چېكەتكىلەر بىلەن بەسلەشكەندەك، جەھلى بىلەن كوركىرايتتى. سائەتتىمگە قارىدىم. تېخى ئەمدىلا كەچ سائەت ئون بىرىم بوپتۇ. ھۇ ئىشەك نەسلى ئەبلەخ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى شۇنداقمۇ ھارام قىلامسەن؟ ھەي ئىست، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ ئەمدى؟ يا كۈندۈزى، يا كېچىسى ئادەمگە بىرەر ـ يېرىم دەم خاتىرجەملىك بولمىسا. . . بىرەر شورى قورىغۇر مەن بىلەن ئۆچەكىشىۋاتامدۇ ـ يە؟ نېمە سەتچىلىك بۇ؟ يا بىرەرسىگە تىنىغلى بولمىسا، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئەتۇر قىيىنغان بارمۇ؟ ھەي. . . ھەي. . . ھەي، شۇتاپ ئۇ نىجىسنى بىر تۇتۇۋالسام، ئۇستىخانلىرىنى كۇمۇرچەكتەك چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتسەم. . .

مەن قىمىر قىلماستىن يېتىۋەردىم. جەمىلەمۇ بىر پەس ئىندىمەستىن يېتىپ كۆردى ـ دە، «تېلېفوننى ئالمامسىز؟» دېگەندەك قىلىپ جەينىكى بىلەن تۇرتۇپ قويدى. مەن يەنە مىدىر ـ سىدىر قىلمىدىم. تېلېفون بىر خىلدا كوركىرىماقتا ئىدى. نىھايەت، سەۋر قاچىسى تولغان جەمىلە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تېلېفون تورۇپكىسىنى ئالمايلا ئاۋاز كونۇپكىسىنى باستى.

ـ ۋەي، مۇراتما؟ ئۇخلاپ قالغانمىدىڭىز جېنىم؟ ـ تېلېفوندىن يەنە ھېلىقى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مېنىڭ دىمىم ئىچىمگە چۈشكەن ھالدا يوتقان بىلەن بېشىمنى چۈمكىۋالدىم.

ـ ھەي مۇراتنىڭ جېنى تەگكەن رەسۋا، نومۇس قىلساڭچۇ. . . ـ جەمىلە غەزەپتىن تىترەپ، ئاغزىنى قويۇۋەتتى، ـ بەك زېرىكىپ كەتكەن بولساڭ، زاۋۇتقىلا زاكاز قىلدۇرۇپ بىرنى ئەكەلدۈرۈۋالمامسەن؟ كېچىدىمۇ تېلېفون ئۇرۇپ ئاۋارە قىلغۇدەك نېمە بار بۇ ئۆيدە ساڭا. . . ؟

ـ ساڭا نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ. . . ـ ئايالمۇ بوش كېلىمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ـ ھەي پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئەسكى كۆڭلەك. سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا چولام يوق. ئىچىلىك ئىچىشىپ كەتسىمۇ چىداپ تۇرۇپ تېلېفوننى مۇراتقا بەرگىنە، ئىككى ئېغىز گېپىم بار. . .

ـ مۇراتنىڭ ساڭا قارىغۇدەك ھالى يوق. ئۇ ھېلىلا ئىشىنى تۈگەتتى. . . قانداق، ئىچىلىك راستلا ئىچىشىپ كەتتىڭمۇ ئەمدى. بىلىپ قوي، ئۇ سەندەك كوچىدا تىنەپ يۈرگەن كوچا دىلبەرلىرىنى كۆرسە قوسۇۋېتىدۇ جۇمۇ. بىلدىڭمۇ؟ ھە، بىلىپ قال ئەر ھابدىلى. . .

ـ ھەي توخۇ چوقىلاپ تاشلىۋەتكەن شاپاق. مېنى كوچا دىلبىرى دېگۈدەك نېمە سالاھىيىتىڭ بار سېنىڭ؟ ئۆزۈڭ كىم ئىدىڭ زادى؟ مەن ھەر قانچە بولسامـۇ بولغاندىمەن، ئەمما پاكلىق تونىنى كىيىپ يۈرۈپ كىشىلەرگە تۇمۇچۇق بولۇپ باقمىدىم. تولا ئاغزىمنى غىرىچلىماي مۇراتنى چاقىرىۋەت. بولمىسا ئۇ ئۆيدە ئىككىنچىلەپ ئۆزۈڭنى كۆرەلمەيسەن، ئايغىنىمنى بىل. ئۇقتۇڭمۇ؟ . . .

ـ كىمسەن؟ نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن؟ ـ جەمىلەنىڭ ئۈنى پۈتۈپ، ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يۈرىكىنى تۇتۇۋالغاندى.

ـ مۇراتنىڭ سۆيگىنى، ئاز كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغان يۈرگەن قىزى بولىمەن. قانداق؟ ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى، ئۇ ئۆيدىكى ئورنۇڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانسەن؟ مۇمكىن بولسا ئىززىتىڭنى ساقلاپ ۋاقتىدا كەشىڭنى توغرىلىۋال. بولمىسا كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ـ توفى. . . ـ جەمىلە تېلېفوننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى ـ دە، دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. سېمونت پولغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان تېلېفون ئاپپاراتى قولتۇقتىن چۈشۈپ كەتكەن تاۋۇزدەك پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى.

تېخىچە پۈخادىن چىقمىغان جەمىلە تېلېفون پارچىلىرىنى تېرىۋېلىپ، دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتى - دە، كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ كەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا تۈكلىرى ھۈرپىيىپ، غەزىپى قايناپ تېشىپ، رەقىبىگە تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغان چىشى بۆرىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن جەمىلەنىڭ بۇنداق غەزەپلىك تۇرقىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىدىم. مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

— سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولامدۇ مۇرات؟ — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — خوتۇنىڭىزنىڭ قانداقتۇر بىرسىگە تۇمۇچۇق بولغانلىقىنىمۇ سۆيگۈنىڭىزگە ھېكايە قىلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرۈپسىز. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىز زادى؟...

— ياق - ياق - ياق جەمىلە، خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ھېچ يەردە، ھېچقاچان سەندىن بۆلەك سۆيگىنىم بولۇپ باقمىغان ۋە مەڭگۈ بولمايدۇ. بۇ بىر-بىرسىنىڭ چىدىماسلىق قىلىپ ياكى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ قىلىپ يۈرگەن ئىشى بولۇشى مۇمكىن. ماڭا ئىشەن جەمىلە، خاتا چۈشىنىپ قالما.

— ئوبدانلا چۈشىنىۋاتىمەنغۇ مانا، — جەمىلەنىڭ كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش كەتتى، — ناۋادا سىز مەندىن زېرىكىپ، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىڭىز، بۇنداق ئويۇن ئوينىغۇچە ئوچۇقلا دەۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— سەنچۇ؟ سەن نېمشقا دەۋەتمىدىڭ ئەمىسە؟

— مۇ... رات، سىز... — ئۇ بوغۇلۇپلا قالدى، — مېنىڭ ئەمدى زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشەنچ تۈگەپتۇ. بىز بۇ ھالدا قانداقمۇ ئۆي تۇتۇپ كېتەلەيمىز مۇرات؟

مەن ئىندىمەستىن يوتقان بىلەن بېشىمنى چۈمكىۋالدىم. شۇ تۇرقىدا مېنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېگۈم يوق، پەقەت قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇملا بار ئىدى.

— ئاھ... ئاجرىشىپ... كېتەيلى مۇرات... — دېدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ.

جەمىلە كېچىچە يىغلاپ چىقتى. ئىمتاسلىقتا چۈمگەن ئۆي ئىچىدىن ئۇنىڭ مىشىلدىغان، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ۋە نېمىگىدۇر ئاھ ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مېنىڭ كۆزۈمدىنمۇ ئۇيقۇ قاچقانىدى. مەن تاماكىنى دەممۇ دەم شوراپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئاستا ئايلىناتتىمەن. جەمىلەگە نېمە دېيىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنىمۇ ئۇقمايمەن. قەلبىم قوپقۇرۇق، تېنىم روھسىز، پەقەت تاماكا خۇمارىملا ھېچ بېسىلاي دېمەيدۇ.

مەن ئايلىنىپ يۈرۈپ بالكونغا چىقتىم - دە، خىرە يورۇپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا نەزەر تاشلىدىم. سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار بەس - بەستە چاراقلىماقتا، ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان، خۇددى خامان مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ هارۋا بىلەن سامان توشۇيدىغان توپىلىق يولغا ئوخشايدىغان سامان يولى ئادەمنى قانداقتۇر مەنزىللەرگە، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ مۇشكۈل سەپەرلەرگە چىللاۋاتقان-دەك، ئاشۇ يول بىلەن ماڭسا زاماننىڭ ئەڭ قەدىمىي، ماكاننىڭ ئەڭ ئەۋۋەلىي بولغان يىراق چېتىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. مەن ئاشۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان پايانى يوق سامان يولىغا قاراپ، ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببەت كوچىسىدا مەجنۇن سۈپەت يۈگۈرۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ چاغدا بۇنىڭدەك يۇلتۇزلۇق ئاخشاملار بىزگە تالاي قېتىم نېسىپ بولغان. جەمىلە بىلەن ئىككىمىز كېچىنىڭ ساپ، سالقىن، نەمخۇش ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ يۇلتۇزلار توپىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلىغان، ئۇلار ئۈچۈن ياش تۆككەندۇق.

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم مەن جەمىلەگە سامان يولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ جەمىلە، ئاشۇ يول بىلەن ماڭسا نەگە بارغىلى بولار؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ساراڭ، شۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ سامان يولىدا ماڭىدىغان بولساق، بىزنىڭ كەلگۈسى بەختلىك ئائىلىمىزگە بارغىلى بولىدۇ، ــ دېگەنىدى جەمىلە ئىككىلەنمەستىن.

ئىللىق ئائىلە! راستلا بىز سامان يولىغا ئىلتىجا قىلدۇق. ئاشۇ يولدا مېڭىۋاتقان نامەلۇم بىرسىدىن بەخت تىلىدۇق. نىھايەت بىز راستلا ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان، كۆڭۈلدىكىدەك بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم ئاسمانغا، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا، تېخىچە ۋىسال قۇچۇش پەيتى نېسىپ بولماي ھەسرەتتە قالغان پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزغا نەزەر سالغىنىمدا ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئاخشامنى ئەسكە ئالىمەن. «ئەي پادىچى يىگىت، سەن ئىككىلەنمەستىن مەھبۇبەڭنىڭ قولىدىن تۇتقىن ـ دە، سامان يولى بىلەن ماڭ. ئۇ ساڭا بىزگە ئوخشاشلا بەختلىك ئائىلە، ئەڭ شېرىن ۋىسال مىنۇتلىرى سوۋغا قىلىدۇ. . .» دەپ خىتاب قىلىمەن. لېكىن پادىچى يىگىت مېنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلغانلىقىمنى، ئۆزى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتقانلىقىمنى، بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يولنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا، مەشۇقىغا يىراقتىن تەلمۈرۈپ مەيۇس ھالدا قاراپلا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يىراقتىن بېقىپ قاراپ تۇرۇشقىنىغا قانچە ئەسىر بولدىكىن؟ ئېھتىمال بۇنى ھېسابلاش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن. بەلكىم ئاسمان ـ زېمىن، تاغ ـ دەريالار يېڭىلا ئاپىرىدە بولغان، ئەمما ئىنسان تېخى بۇ دۇنياغا يارىتىلمىغان زامانلاردىلا ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشقاندۇ. . . لېكىن ئۇلارغا ھېلىھەم ۋىسال قۇچاق ئاچمىدى. بەخت پەيزىنى سۈرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان سامان يولىنىڭ بەخت ئەپكېلەلەيدىغانلىقىنى بىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىر ئەپسۇن بىلەن سېھىرلەپ قويۇلغاندەك يىراقتىن تەلمۈرۈشۈپ قېتىپلا تۇرۇشاتتى. . .

بەس خىياللىرىم، مەن شۇ تۇرقىدا پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز ھەققىدە غەمگە چۆكۈپ تۇرۇپتىمەن. مەن ئۈچۈن كىملەر غەم يەۋاتقاندۇ؟ شۇتاپ جەمىلە بىلەن ئىككىمىزمۇ پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزدەك ھالەتتە، بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن سۆزلىشەلمەيمىز، قاقاقلاپ كۈلۈپ، شېرىن سۆھبەتلەرنى قۇرالمايمىز. ھەر ئىككىمىزنى ئېغىر غەم دۈۋىلىرى بېسىۋالغان. . . راست، بىز ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدۇق. توي قىلغىنىمىزغىمۇ بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. خىزمەتداشلار، ئەل ئاغىنىلەر، بىزنى كۆرسە قۇشلاردىن كاككۇك بىلەن زەينەپنى، ئىنسانلاردىن غېرىب بىلەن سەنەم، پەرھاد بىلەن شېرىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ. دېمىسىمۇ مەن جەمىلەنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، ئەلۋەتتە جەمىلەمۇ مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. ئەپسۇس. . . يۈز مىڭ ئەپسۇس. . . ئاشۇ لەنىتى تېلېفون ھەممىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. «تۇمۇچۇقۇم» مۇشۇ سۆزنى ئەسلىسەملا يۈرىكىم ئاچچىققا تولىدۇ. «تۇمۇچۇق چىرايلىق قۇش بولغىنى بىلەن قولغا ئۆگەنمەيدىغان قۇش، ئۇ جۇپتىگە بەك سادىق. . .» دېگەنىدى يازغۇچى ئاغىنەم مۇرادىل. ئەمما جەمىلە ئۆگىنىپتۇ. كىملەرنىڭدۇ تۇمۇچۇقى بوپتۇ. كىملەرنىڭدۇر باغرىدا تۇمۇچۇقتەك سايراپتۇ. . . بۇ دەردكە چىداش مۇمكىنمۇ؟ لېكىن، ماڭىمۇ تېلېفون كېلىۋاتىدۇ. كىمكىن ئۇ؟ يا بىرەر دەلتە تېلېفون نومۇرىنى خاتا دەپ بەرگەن بولسا، بىرنېمە دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغان ئۇ قانجۇق

ئار - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، تېلېفون ئۇرۇۋاتامدىكىن؟ تېخى جەمىلە بىلەن ئېيتىشىشلىرىمۇ ئۇنىڭ... قىزىق ئىش، جەمىلەنىڭ بىرسى ئۆگىتىۋالغان تۇمۇچۇق ئىكەنلىكىنى ئۇ كىمدىن ئاڭلىدىكىن... نېمىشقا تەپتارتماي ئۇنىڭ يۈزىگە سالىدىغاندۇ؟... ھەي، بۇ كۆڭۈللەرنىڭ ئايىغى نەدىن چىقاركىن؟ بۇ تۈگۈن قانداق يېشىلەركىن؟ بۇ بەختلىك ئائىلىنىڭ تەقدىرى قانداق بولاركىن؟

تاڭ ئاتتى. جەمىلە ئاددىيلا ياساندى - دە، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئىشقا ماڭدى. ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. مەن تىت - تىتلىق ئىلكىدە ئۇنىڭكىگە تېلېفون بەردىم. قېينانام تېلېفوننى ئالدى ۋە «مۇراتجان بالام، نېمە بولدۇڭلار زادى؟ بىز سىلەردىن شۇنداق خاتىرجەم ئىدۇق. كۆز چىققاندەكلا بىر ئىش بولدى - دە، بۇ. جەمىلە يامانلاپ كەپتۇ. ئاپىرىپ قوياي دەپ ھەر قانچە قىلسام گەپ يېمىدى. قارىغاندا كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن چېغى. بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلسىلا، بالىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالار..» دېدى. بېشىم پىررىدە قايدى. ئىلگىرى «قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئاياللىرى يامانلاپ كېتىپتۇ» دېسە ئىچىمدە كۈلەتتىم. «بىز شۇنداق ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز. جەمىلە ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ھەرگىز يامانلاپ كەتمەيدۇ» دەپ ئويلايتتىم. مانا، بۇ كۈن مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەپتۇ. ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان بالىسى ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتسىمۇ بولمىغۇدەك...

جەمىلەسىز كۈنلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق ۋە مۇزخانىدەك سوغۇق. نەگىلا قارىماي جەمىلەنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا قاراپ تۇرغاندەك زاھىر بولىدۇ. گېپى سەل كۆپ بولغان بىلەن مېنى ئايايتتى. رايىمغا باقاتتى. مانا، ئۇنىڭ ھەممە خۇي - پەيلىنى سېغىنىماقتىمەن. «جەمىلە، مەيلى نېمىلا بولسۇن قايتىپ كەل، قايتقىن جەمىلە، سەن بولمىساڭ بولمايدۇ. سەن بولمىساڭ بۇ ئائىلىنى زۇلمەت باسىدىكەن جەمىلە. سەن بولمىساڭ بۇ ئائىلىنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى... سەن بولمىساڭ بۇ سېسىق جاننىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ بىلەمسەن شۇنى؟ تۇمۇچۇقۇم...»

جەمىلە بىلەن سۆزلىشىش غەرىزىدە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بىر نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇردۇم. لېكىن ئۇ مېنى نائۈمىد قويۇپ، تېلېفوننى ئالمىدى. كۆڭلۈم تېخىمۇ غەش بولۇپ، مېنى غېرىبلىق باستى. سىلىق يۈزلىرىمدە كىرپە تىكىنىدەك يىرىك ساقال، پارقىراپ تۇرىدىغان چاچلىرىم مال پادىسى چەيلەپ ئۆتكەن بوغدايلىقنى ئەسلىتىدىغان قىياپەتتە چىگىشلىشىپ، توپا توزۇپ تۇرىدۇ. كۆڭلەكلىرىمنىڭ ياقىسى ئاشپەزلەرنىڭ ئۈستەل سۈرتىدىغان دەسمىلىدەك قارىدىغان... پۈتكۈل تۇرقۇم پوكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ تاپالمىغىنىغا يارىشا پارچە ھاراقتىن ئىككى سەر قېقىۋالسا، جاھاننى سورىماقچى بولغان كوچا زابويلىرىدەك ۋەيرانە...، ئەينەكتىن بۇ ئەپتىمنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. شۇ كۈلكەمگە ئۇلىنىپلا كۆزلىرىمدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى - دە، مەڭزىمنى بويلاپ دومىلاپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىم ئارىسىدا غايىب بولدى.

- جەمىلە، - دېدىم ئىچىمدە ئۆكسۈپ تۇرۇپ، - سېنىڭ قولۇڭدا شەھەر باشلىقىدەك ياسىنىپ چىقىدىغان مەن بىچارىنىڭ ئەمدىكى ھالىنى كۆر، مەن مۇشۇ ھالدا ئالدىڭغا چىقسام تونۇيالارسەنمۇ؟ جېنىم جەمىلە، ئۆز تۇرمۇشۇمدا سېنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىڭنى ئەمدىلىكتە بارغانچە چۈشەنمەكتىمەن. قەدرىڭ ئۆتۈلۈۋاتىدۇ جەمىلە، قايتىپ كەل ئەمدى، مېنى باشتىمۇ نائۈمىد قىلمىغانىدىڭ. ماڭا مېھىر بېرىپ، سۆيگۈ ھەدىيە قىلغانىدىڭ. ھېلىھەم مەن ساڭا تەشنا بولۇۋاتىمەن. مېنى كۆرمەسكە

سىلىپ، ئەمەلىيەتتە قاراپ تۇرۇپ ئوتقا تاشلىماي، نائۇمىد قىلماي. قايتقىن جېنىم، قايتىپ كەل تومۇچۇقۇم...

كەچتە ئۇنىڭ ئىدارىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم، جەمىلە بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر نەچچە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدىكى... ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. جەمىلەنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر بىر - ئىككىدىن چىقىشقا باشلىدى. مەن بۇ ئەپتىم بىلەن ئۇلارغا كۆرۈنۈپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن يول بويىدىكى مەنزىرە دەرەخلىرىگە قارىتۇالدىم. بىر چاغدا، ۋېلىسىپىتنىڭ يېنىك تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاھ جەمىلە...! ئۇ ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئىدارە قورۇسىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مىسكىنلىك يېغىپ تۇرغان بەستىگە، چوڭقۇر قايغۇ، تۈگىمەس ھەسرەتلەر ھۆكۈم سۈرگەن تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى. بۇ كۆنلەر ئۇنىڭغىمۇ ئېغىر كەلگەندەك ئىدى.

— جەمىلە...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتىتكلا ماڭا قارىدى ۋە ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدى.

— جەمىلە، قوشنىلار سىزنى بەك سوراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى ئەمدى.

— سورىسا، سورىمىسا بەربىر ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشىدۇ. تۇتۇنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلمىسە كىم بىلەتتى؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ دەردىمنى كىم چۈشىنىدۇ؟

— مەن چۈشىنىمەن جەمىلە.

— ياق، سىز ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيسىز، سىز پەقەت كىمنىڭدۇ ماڭا تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىسىز.

— جەمىلە، سەن ماڭا ئىشەنمەمسەن؟

— ئىلگىرى ئىشەنگەن، خۇداغا، ئىمانغا ئىشەنگەندەك ئەقىدە باغلىغان. كېيىن...

— سەنچۇ؟ سەنچۇ جەمىلە؟

— مەن مۇشۇ سوئالدىن بەك قورقىمەن. شۇڭا ئۆيگە قايتقۇم يوق، مۇمكىن بولسا، بىز... بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى مۇرات، — ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆز جىيەكلىرىگە ياش يامرىدى.

— قايتىپ كېتەيلى ئەمدى، — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ، — ۋاقتىڭىز يەتسە نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئورۇنغا بارايلى، لېكىن... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى - دە، ۋېلىسىپىتكە لىككىدە مىندى. مەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىمچە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئازراقلا ماڭدى ۋە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئۈستىۋېشىمغا تازا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ماڭا كايىدى:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ئۆزىڭىزنى نېمانچە تاشلىۋەتتىڭىز؟ ئۇنداق قىلماڭ مۇرات، سىز ھازىدار ئەمەسقۇ؟!

— ياق، مەن ھازىدارمەن، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بەختىم ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتىمەن جەمىلە.

— ئۇنداق دېمەڭ، ھازىرلا ساتىراشخانىغا بېرىپ چاچ - ساقاللىرىڭىزنى ياستىۋېلىڭ. ئاندىن كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. مۇنداق يۈرسىڭىز مەن رەنجىپ قالىمەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ۋېلىسىپىتكە مىندى - دە، يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

— بىز قانداق بەختلىك ئىدۇق - ھە جەمىلە؟!

6

ھەپتىدىن بېرى كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ، قولۇم ئىشقا بارمىغاچقا، ئۈستىلىم دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار بىلەن تولىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى.

ئىشكتىن كىرىپلا بۇ ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېلىشتى. مەن خۇشياقمىغان ھالدا ماتېرىياللارنى رەتلەشكە تۇتۇندۇم.

— تاك ... تاك... تاك... — تۇيۇقسىز ئىشىك چېقىلدى. مەن بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قاتتىق ۋارقىرىدىم.

— كىرىڭ.

ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، يازغۇچى ئاغىنەم مۇرادىل قورۇنغان ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— نېمانچە قوپاللىق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇستىلىم ئالدىغا كەلگەندە چىپپىدە توختاپ، — بەللى ئاغىنە، ماتېرىيال دېگەننى دۆۋىسى بىلەن كۆرۈپ بىر ئۆسەي دەپسەن - دە؟! نەچچە كۈن بولدى ھېچ ئىزدەپ قويايمۇ دېمىدىڭ، ھۆججەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتامسەن نېمە؟ شۇتاپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ئەلمىساقتىن بېرى ھېچكىم قىلىپ تۈگىتەلمىگەن، ھېچكىم قېرىتالمىغان شۇ مۇقەددەس خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، — دېدىم پەرىشان ھالدا، — سەنمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ مۇرادىل، يەنە شۇ قەلەم بىلەن قەغەزگە ئەل بولۇپ، «بېشىمنى ساتاي دەيمەن، خېرىدار يوق...» دەپ بىرنېمىلەرنى جىجاپ يۈرەمسەن؟ بېشىمغا كۈن چۈشۈۋىدى، ھېچ يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭ. ئاغىنە دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

ئۇ ئېرىنمەستىن كۈلۈپ قويدى. بىز بىر ئىستاكاندىن چاي ئىچىشكەچ ئۇياق - بۇياقتىن ئازراقلا پاراڭلاشتۇق. سۆز ئارىسىدا ئۇ مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك لىككىدە بېشىنى بۇراپ ماڭا جىددىي قارىدى.

— ئاغىنە، مەندىن رەنجىشىڭ ئورۇنلۇق. بىر نەچچە ھەپتە بولدى. چوڭراق بىر ئەسەرگە تۇتۇش قىلغانىدىم. ھېلىلا قولدىن چىقاردىم. شۇ ئەسىرىمنى يازىمەن دەپ سېنىمۇ يوقلىيالمىدىم. ئاقىۋەت ئىشىم تۈگىدى. ئەسىرىممۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى خۇشال. كەچتە ئىككى - تۆت سەر قېقىشقاچ ئوبدانىراق بىر مۇڭدىشىۋالايلى دەپ ئاتايىن ساڭا ئېيتىپ قويغىلى كېلىشىم. ئۆزۈممۇ تازا چارچاپتىمەن. بىر ئاز ئارام ئالمايلىمۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ. مەنمۇ تازا بىر ئېچىپ، پۇخادىن چىقاي دەپ تۇراتتىم. بۇ بىر ھېسابتا سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرىڭنى تەبرىكلىشىمىز بولۇپ قالسۇن.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن سېنىڭ ئىشىڭغا دەخلى قىلماي، كەچ سائەت ئالتىدە «شاھ مەشرەپ مەيخانىسى» دا كۆرۈشەيلى. ئۇنتۇپ قالما ھە...— ئۇچقىپ كەتتى. دوستۇمنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك بىر ئاز كۆتۈرۈلگەندى. شۇڭا مەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ماتېرىياللارنى تېز - تېز رەتلەشكە باشلىدىم.

خىزمەت ۋاقتىمۇ توشتى. ئىدارىدىن چىقىپلا «شاھ مەشرەپ مەيخانىسى» غا قاراپ يولغا چىقتىم. كوچىلار ئىشتىن چۈشۈپ ئائىلىسىگە قاراپ ئالدىراش چېپىۋاتقان خىزمەتچىلەر، مەكتەپتىن قايتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. ۋېلىسىپىت سىۋۇتىنگە سەي - كۆكتات قاچىلىۋالغان ئاياللار پىدالنى كۈچەپ - كۈچەپ تېپىشىپ، قۇيۇندەك مېڭىشاتتى. ئۇلار ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت يەنە بىر جىددىي خىزمەتنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. «جەمىلەمۇ ھەمىشە ئاشۇ ئاياللارغا ئوخشاش، مەن ئۈچۈن ئالدىرىغان بولغىيتتى...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

كوچىلارنى ئايلىنىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان «شاھ مەشرەپ مەيخانىسى» غا

يېتىپ كەلدىم. ئەتراپقا ئاللىقاچان گۇگۇم پەردىسى يېيىلغان بولۇپ، مەيخانا ئالدىدىكى نېئون لامپىلار يېقىۋېتىلگەنىدى. مەيخانا ئەتراپىدا ھەر خىل تىپتىكى كىچىك ماشىنىلار رەت ـ رەتى بىلەن تىزىلىپ كېتىشكەن بولۇپ، بۇ ھال مەيخانىنىڭ ھەشەمەتىنى خېلىلا ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. شەھەرنىڭ ئاللىقاياقلىرىدىن سۇرتۇپ پارقىرتىۋېتىلگەن تاكسىلار كېلىشەتتى ۋە قورچاقتەك ياسىنىۋالغان چىرايلىق قىزلار مەيخانا ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈشەتتى. قىزلاردىن تېگىشلىك ھەققىنى ئالغان تاكسىچى يەنە قەيەرگىدۇر ئالدىراپ يۈرۈپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە مەيخانا ئالدىدا بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان قىزلارنىڭ يىگىتلىرى تەقەززا بولۇپ تۇرۇشاتتى. تاكسىدىن چۈشكەن قىزنى كۆرگەن يىگىتنىڭ چېھرىدە كۈلكە ئوينايتتى. ئۆزنى دەپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن قىزنى قولتۇقلاپ مەغرۇر ھالدا مەيخانىغا كىرىپ كېتەتتى ۋە خاس ھۇجرىلارغا جايلىشىپ پەيزى قىلىشاتتى.

مەن ئاستا مېڭىپ مەيخانا ئالدىغا كەلدىم. ئۇ يەردە مۇرادىل ۋە ئۇنىڭ يۈرگەن قىزى سەۋلە مېنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. ئۇلار مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا قول پۇلاڭشىتتى.

— ئاخىرى كەپسەن ـ دە، — دېدى مۇرادىل مۇرەمگە شاپىلاقلاپ قويۇپ، — بىز ساڭا قاراپ تۇرغان. قېنى، ئىچكىرى كىرەيلى.

— سىلەر كىرگەچ تۇرۇڭلار، — دېدىم سەۋلە قىرقىم چاچلىرىنى لەپىلدەتكىنىچە مەن بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، — مەن يەنە بىر مېھمان كەلگۈچە سەل كۈتۈپ تۇراي.

— يەنە كىم كېلىدۇ؟ — مەن ھەيران بولۇپ مۇرادىلغا قارىدىم. ئۇ بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— كەلگەندە بىلىسەن، — دېدى ئۇ خىر ـ خىر كۈلۈپ، — قېنى بۇرادەر، مەرھەممەت!

بىز مەيخانىغا كىرگەندىن كېيىن مۇرادىل زاكاز قىلىپ قويغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇق. زالدا ئېلېكترونلۇق رويال بىلەن گىتار تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئورۇنلانماقتا ئىدى. گىتارچى يىگىت يىلاندەك تولغىنىپ، گىتارنى پۇلاڭلىتىپ زوق ـ شوقى بىلەن چالماقتا، ئېلېكترونلۇق رويال ئالدىدىكى قىزىل چاچلىق قىز مىكروفوننى غاجاۋاتقاندەك ئاغزىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ ناخشا توۋلىماقتا ئىدى. شاۋقۇن ـ سۈرەن شۇنچىلىك ئەۋجىگە چىققانىكى، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ قىقاس سېلىپ كۈلۈشلىرى، قايسىدۇر ئۇستەلدىن يەرگە چۈشكەن چىنە تەخسىنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن جىرىڭلاپ چېقىلىشلىرى، پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ يەردە دومىلاشلىرى... بۇ يەر ئادەمگە دەم ئېلىش ئەمەس، چارچىغان مېڭىنى يەنە كاردىن چىقىرىدىغان سورۇندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئوماچ قىلىۋېتىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە يۈزلىرىدىن ماي تېمىپ تۇرغان خوجايىنلار باداڭ قورساقلىرىنى پوسكايتىپ، يىڭناغۇچتەك زىلۋا، ئادەم ئەيمەنگۈدەك چىرايلىق قىزلارنى قۇچاقلاپ، ئۆزلىرى خالىغان تەرەپكە تارتىپ تانسا ئويناشماقتا ئىدى. ئاشۇ شوخ قىزلار كۆكسىنىڭ قىسىلىشلىرى، ساغرىسىدا يىلان ماڭغاندەك تېمىسقىلاپ يۈرگەن ئاللىقانداق قوللارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇش ئەمەس، دەل ئەكسىچە خۇشاللىق ھېس قىلغاندەك، ئۆزگە مۇغەمبەرلەرچە تىكىلگەن كۆزلەرگە ناز بىلەن بېقىشاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەۋرىشىم، شۇنچىلىك رايىش ئىدىكى...

يىگىتلەرنىڭ، خوجايىنلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن خۇدايىم... مەن بۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ ئىختىيارسىز قاسساپ بىلەن قوينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇ بىچارە قىزلار گويا پىچىقنى يېنىغا ئېسىۋالغان قاسساپ بۈگۈنكى پايدىسىنى كۆڭلىدە ھېسابلىغىنىچە ئۆزى ئۆلتۈرمەكچى، تېرىسىنى، بېشىنى، گۆشىنى كىملەرگىدۇر سېتىپ پايدا ئالماقچى بولۇپ قوشخانىغا يېتىلەپ كېتىۋاتقان قويدەك غەمسىز، خىرامان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ شوخ خوجايىنلارنىڭ ھەمىيىنىغا ئاتىۋېتىشكەنىدى.

— ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەيخانىدە - بۇ، — مۇرادىل مىنگەشتۇرۇۋالغان پۇتلىرىنى چېلىنىۋاتقان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئويناتماقتا ئىدى، — شاھ مەشرەپنى بىلەمسەن؟ ئۇ دېگەننى ئاشىق شائىر دەپمۇ قويىمىز. ئۇياق بىر ئۆمۈر ئىشقى - مۇھەببەتنى كۈيلىگەن ئىسيانكار شائىر ئىدى. مانا، «شاھ مەشرەپ مەيخانىسى» دىمۇ ساپلا ئاشىق - مەشۇقلار ئۆز خىلىنى تېپىۋاتىدۇ. ئالتە كۈنلۈك ئۆمرىدە قىز پەيزىنى مۇشۇنداق سۈرۈۋالساڭ، يەنە نېمە ئارمان دەيسەن مۇرات؟

— كىم - كىمگە ئاشىق بىلەمسەن مۇرادىل؟ — مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە رازى بولمىدىم، — قارىغىنە، ھە، گۆشلۈك لەۋلىرىنى قىزنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا تىقىۋاتقان ئاۋۇ بىرسىگە قارىغىنە، ئۇنى مەن تونۇيمەن. ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى ئاتىقى چىققان قۇرۇلۇش سودىگىرى ھېكىم ھاجى بولىدۇ. ئۇنىڭ رامكىغا ئېلىپ تامغا ئېسىپ قويغۇدەك چىرايلىق، جەينامازدىن چۈشمەيدىغان دىيانەتلىك خوتۇنى، بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئۈچ ئوغلى بار. ھە، مانا شۇنداق ئائىلىسى بار بىر نېمىلەر تۆت تال پۇلىنىڭ گىدەيتىشى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، مەيخانىلاردا ئاشۇنداق قىزلارنى قۇچاقلاپ يۈرۈشۈپتۇ. ئۇلارنى قانداقتۇ ئاشىق - مەشۇق دېگىلى بولىدۇ؟ ئاۋادا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سورىساڭ، ھېكىم ھاجى راستتىنلا ئاشۇ قىزغا ئاشىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاۋۇ قىز ھەرگىز ھاجىنىڭ مەشۇقى ئەمەس. قىز ناھايىتى كەلسە ئۇنىڭ قوينىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن تۆت تەڭگىسىگە ئاشىق.

مۇرادىل «راستمۇ؟» دېگەندەك ماڭا قاراپ قويدى.

— سەن دېگەن يازغۇچى، جەمئىيەتنى ئوبدان چۈشىنىسەن، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — ئاشىق شائىر مەشرەپ راستتىنلا سەن دېگەندەك ئىشقى مۇھەببەتنىڭ كويچىسى بولىدىغان بولسا، ئۆز نامىغا ئاتالغان بۇ مەيخانىدىكى يىرگىنىشلىك ئىشلاردىن ئۇنىڭ روھىي قورۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئەجدادلارنىڭ نامىنىمۇ بۇلغاپ بولىدىغان ئوخشايمىز مۇرادىل.

— ئەجەپ تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ... — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھەق. مۇشۇكەمدە ھەممىنىڭ كۆزىنى پۇل توسىۋالدى. ھازىر بىزنىڭ كىشىلىرىمىزگە پۇل بولسا، ئار - نومۇس، نام - ئاتاق بولمىسىمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتۇق. زال ئىچى ئوخشاشلا شاۋقۇن - سۈرەن ئەۋجىدە جىغىلدىماقتا ئىدى. ھاياسىز كۈلكىلەر، ئىسقىرتىشلار، چېقىلغان شىشىلەرنىڭ چاراس - چۇرۇسلىرى دەممۇدەم يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى.

— ھوي، ئەزىز مېھمانمۇ كېلىپ قالدى مانا، — مۇرادىل ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئىتتىككلا ئورنىدىن تۇردى. مەنمۇ

uyghurkitap.com


ئارقامغا بويۇنداپ قارىدىم. قارىدىمۇ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىشكتىن مەيخانىغا كىرىپ كەلگەن سەۋلە بىلەن جەمىلە بىز ئولتۇرغان ئۈستەلگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. قانداقلارچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. جەمىلەمۇ ماڭا بىر قارىدى - دە، تەمتىرەپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— سىز...

— جەمىلە، — مەن ئىتتىكلا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. بىراق جەمىلە قولىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىدىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇۋالدى. يۈرەكلەر ھاياجاندىن تىپچەكلەيتتى. تىل سۆزدىن قالغانىدى.

— قېنى، تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى سەۋلە بىزنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — سىلەرنىڭ ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇق. شۇڭا...

— شۇڭا ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، قايتىدىن بىر ئائىلىگە ئاش، بىر ياستۇققا باش قويۇۋېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ئۈستەلنى بۇيرۇتتۇق. سىلەرنىڭ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز. — دېدى مۇرادىل.

جەمىلە ئىندىمەستىن سەۋلە كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. مۇرادىلمۇ مېنى زورلاپ يۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. شۇتاپ جەمىلە بىلەن ئىككىمىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ، توي خېتى ئالغىلى بارغاندىلا يۈز كۆرۈشكەن يېزىلىق قىز - يىگىتلەردەك يېتىرقاش ۋە قورۇنۇش ئىچىدە يانمۇيان ئولتۇراتتۇق.

مۇرادىلنىڭ بىرلا ئىشارىسى بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۈستەل خىلمۇخىل قورۇمىلار، سوغۇق سەيلەرگە لىق تولدى. مۇرادىل كۈتكۈچى قىز ئېلىپ كەلگەن بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالىي ھارىقى» نى ئېچىپ، غازبويۇن رومكىلارغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيدى.

— مۇرات، جەمىلە، — دېدى ئۇ سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك سەل تورۇۋالغاندىن كېيىن، — ئالدىڭلاردا بەكمۇ خىجىلمەن. بۇ ئىشنى ئەسلىدە بۇرۇنراق سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدىم. راستىنى ئېيتسام ئىش مۇنداق، مەن تېلېفوننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىز تەرەپلىرى تۇرمۇش بىلەن باغلانغان چوڭ تېپتىكى بىر پارچە ئەسەرگە تۇتۇش قىلغانىدىم. بۇنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. سىلەر بىلىسىلەرغۇ، ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشقا قانچىكى يېقىن كەلسە، شۇنچىكى تەسىرچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مەن بۇ يىرىك ئەسەردە سىلەرنىڭ ئائىلىنى ۋە سىلەرنى پروتوتىپ قىلدىم. لېكىن بۇ ئىشىمنىڭ سىلەرگە ئوخشاش سەمىمىي، سادىق ئەر - خوتۇنلار ئارىسىغا سوغۇقچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، بۇ دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. ئەسىرىم ناھايىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. سىلەرنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. شۇنداقلا سىلەرنىڭ ئوبرازىڭلارنى ياخشى يارىتالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن...

— نېمە دەۋاتىسەن مۇرادىل؟ — مەن ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. جەمىلەمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەندەك ھاڭۋېقىپلا قالغانىدى.

— ئەمەلىيەتتە، ھېلىقى تېلېفونلارنى سەۋلە بىلەن ئىككىمىز بەرگەن...

— نېمە؟ — جەمىلە بىلەن ئىككىمىز

تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق، — بۇ ئىشنى قىلغان سەن ئىكەنسەن - دە، ھۇ نائەھلى.

— ھەر قانچە بولسىمۇ بىزگە بۇنداق چاقچاق قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى مۇرادىل، — دېدى جەمىلە ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغىنىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— كەچۈرۈڭلار.

مەن ھېلىلا ئاغزى ئېچىلغان بوتۇلكىنى قولۇمغا ئېلىپ دۇم كۆمتۈردۈم - دە، ئىچىدىكى ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئۈستەلدىكى قورۇمىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋەتتىم. قوشنا ئۈستەلدىكى كىشىلەر مېنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىمدىن ھەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— جەمىلە، ئۆيگە قايتايلى، — دېدىم بوغۇق ئاۋازدا، — بۇ يەر ئەمدى بىزگە ھارام.

ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن ماڭا ئەگەشتى.

— مۇرات، جەمىلە...

— جەمىلە، مۇرات...

ئۇلارنىڭ بىزنى چاقىرغان ئاۋازى شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

مەن جەمىلەنى ئېلىپ «شاھ مەشرەپ مەيخانىسى» دىن چىقىپ كەتتىم. غەزەپتىن چىشلىرىم غۇچۇرلايتتى. شۇتاپ قانىتىم بولسا، جەمىلەنى ھاپاش قىلىپلا ئۇچۇپ كەتسەم، سەھرايى كەبىر چۆللىرىگە، كاۋكاز تاغلىرىغا، ئافرىقا بوستانلىقلىرىغا ئۇچۇپ بېرىپ، شۇيەردە خۇددى چاتقاللار تېگىدە ئۈنۈپ قالغان كاككۇك گۈلىدەك، قالغان كۈنلىرىمىزنى تېپتىنچ ئۆتكۈزسەك... دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم. جەمىلەمۇ ماڭا يۆلەنگىنىچە ھالسىز قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېتىپ باراتتى.

دەل شۇ چاغدا ئالدىمىزدىن بىر تاكسى چىقىپ كەلدى. مەن قول كۆتۈردۈم. تاكسى يېنىمىزدىلا توختىدى.

— قاياققا ھەيدەيمەن؟ — شوپۇر ئەزمىلىك بىلەن سورىدى.

— سامان يولىغا قاراپ ھەيدە، — دېدى جەمىلە ئىتتىكلا.

— نېمە؟ سامان يولى... — شوپۇر ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى، — كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق يولنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

— شۇڭا سەن ئەڭ بەختسىز ئىنسان، قولۇڭدىن تاكسى ھەيدەشتىن باشقىسى كەلمەيدۇ، — دەپ ئويلىدىم سوغۇق كۈلگىنىمچە.

— ئەلۋەتتە سەن ئۇنداق يولنىڭ بارلىقىنى بىلمەيسەن ھاماقەت، قېنى، پۇل لازىم بولسا رولىنى مەھكەم تۇتۇپ ماشىناڭنى ھەيدە، ئۇ يولنىڭ نەدىلىكىنى مەن ساڭا دەپ بېرىمەن.

شوپۇر ماڭا ئالىيىپ قارىغاندىن كېيىن رولىنى بۇرىدى. ماشىنا قوزغالدى. كوچا چىراغلىرى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان شەھەر كوچىسى ماڭا باشقىدىن چىرايلىق ۋە ئازادە بىلىندى. مەن جەمىلەنى باغرىمغا باسقىنىمچە ئاشۇ كوچىلارنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتىم.

— نەگە قاراۋاتىسىز؟ — جەمىلە مۈزدەك ئالىقانلىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلىدى.

— يولغا، شەھەر كوچىلىرىغا تۇمۇچۇقۇم.

— ياق مۇرات، سىز قارايدىغان يول ئۈستىمىزدە. يۇلتۇزلۇق ئاسماندا، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. ئاسماندا پايانى يوق سامان يولى سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ بۈگۈن باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

تەھرىرى: ***مەتقاسىم ئابدۇراخمان***

مۇھەممەت تەشنائى

# ئىككى ھېكايە

## «تەبىئي ئاپەت»

يېزا باشلىقى قاسىمنىڭ غەزىپى خۇددى تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك شۇنداق تېز كەلدى. گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، گۆشلۈك چىرايى تاتىرىپ، پېشانىسىنى يول ـ يول سىزىقلار قاپلىدى. چېقىر كۆز تۈخۈملىرى، قېلىن، سېلىنىپ تۇرىدىغان قاپىقىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ۋېلىسىپىتقا ئارتىلغان يېرىم خالتا ئۇندەك، كەمىرىدىن ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرغان قورسىقـــى بۇ ئاچچـــقىنـــى سىغدۇرالمىغاندەك كۆپۈپ كەتكەندى. ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن چىرايلىق كېسىپ قويۇلغان گېزىت قەغىزىنى ئېلىپ، ئاچچىق موخۇركىسىنى ئوراشقا باشلىدى. لېكىن قوللىرى تىترەپ تۇرغاچقا قەغەزدىكى موخۇركىلارنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ قايتىـــدىن موخۇركا ئېلىپ ئالدىرماي ئوراپ، قېلىن لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى ـ دە، سەرەڭگە ئىزدەپ يانچۇقىغا قول سالدى. ئەمما سەرەڭگە قېپى قۇرۇق ئىدى. ئۇ قۇرۇق قاپنى غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلاپ، ئاچچىق بىلەن دەسسىدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن كاتىپ يىگىت تېزلىكتە كېلىپ چاقمىقىنى ياندۇردى. ئۇ ئاچچىق تاماكىسىنى كۇچەپ ـ كۇچەپ شوراپ، ئېغىز ـ بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقارغاندىن كېيىن، يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ قانداق گەپ ئۇزى، تېخى ئەكەلگىلى بىر ئايمۇ بولمىغان ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى قايسى قولاق كەستى چېقىۋەتتى؟ ھەي شوپۇر ئاداش، سەن بۇنىڭغا مەسئۇلمۇ ئەمەسمۇ؟

گەپ قىلماي بىزىرىپ تۇرسەنغۇ، دەرھال بۇزغۇنچىنى تاپ، تۇلەت. بولمىسا ئېغىلدىكى قوي، كالاڭنى سېتىپ بۇگۇندىن قالدۇرماي ئەينەكنى سالدۇر، ــ ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى شوپۇرنىڭ كۆزلىرىگە شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. باشلىقنىڭ سىزىقىـــدىن چىقمايدىغان ياۋاش شوپۇر خۇددى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك تىرناقلىرىنىڭ كىرىنى تاتلاپ، يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇراتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقان بىر توپ بىكار تەلەت كىشىلەر ئالدى ئەينەكى پۇتۇنلەي سۇنۇپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتكەن ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۇرۇپ، ئەينەك پارچىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتماقتا ئىدى:

ــ ھەي قايسى كەپسىزنىڭ قىلغان ئىشىدۇ، ئاتا ـ ئانـــىســى تـــەربـــيــە بـــەرمـــەمـــدىـــغـــانـــدۇ؟ . . .

ــ قاراڭلار، بىر چىرايلىق تۇرغان ئەينەكنى چېقىۋەتكىنى نېمىسى؟

ــ قارىغاندا ماشىنىنىڭ ماۋۇ يېرىگە چېقىپ تاش بىلەن ئۇرغاندەك قىلىدۇ. . .

ــ ھەي . . . بۇ ئەينەك شۇنداق قېلىن، سۇپەتلىك ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى بۇ خىلدىكى ئەينەكتىن تەس تېپىلىدۇ جۇمۇ؟ . . .

ــ ھەي بايا چىققان بوراندا چېقىلىپ كەتتىمۇ يا؟

ــ تۇزۇك گەپ قىلساڭلارچۇ. . .

كىشىلەر ماشىنا ئەتراپىدىكى كىچىك باللارنىڭ قالايمىقان ئىزلىرىنى ئۆزلىرىچە تەكشۇرمەكتە، كىمنىڭ باللىرى چاققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشماقتا ئىدى.

لېكىن پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان شوپۇر، نېمىشقىدۇر بۇ پەرەزلەرگە ئارىلاشماي، يا باللارنىڭ گېزلىرىنى تەكشۈرمەي بىر چەتتە گەپ - سۆزسىز تۇراتتى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن يېزا باشلىقىغا ئەيمىنىپ قاراپ، گەپ قىلماقچى بولاتتى - يۇ، يەنە ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋېتەتتى.

شوپۇر، يېزا باشلىقى دېگەندەك ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ بايا كېلىپلا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنىڭ سۇنغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇ نېرىراقتا ئويناپ يۈرگەن باللاردىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى باللارنىڭ ھەممىسى تەڭلا «قەيسەر چېقىۋەتتى. ئۇ دادامنىڭ ماشىنىسى بولغاندىكىن چاقسام نېمە كارىڭ، دەپ ئۆيىگە كەتتى» دېيىشتى. شوپۇر شۇنداق بولسىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالماي، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئۇنىڭ چاققانلىقى راست بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇلارنى ئۇقۇپ كەلسە، باشلىق بۇ يەردە ماشىنىغا قاراپ ئاچچىقلاپ تۇراتتى. بىچارە شوپۇر نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا «ئەينەكنى سىلىنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىلىرى قەيسەرجان چېقىۋېتىپتۇ» دېسە قانداق بولىدۇ؟ دېمەي دېسە باشلىق ئۇنى ھە دەپ سەتلەپ «ئانا مانىسىنى قويۇۋاتسا»، گەپ - سۆزسىز دەردىنى ئۆزى بىلىپ زىياننى تۆلەي دېسە، كەم دېگەندىمۇ مىڭ يۈەن كېتىدىغان گەپ. پۇلنىغۇ بىر نېمىلەرنى قىلىپ تاپار، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مەڭگۈ كەتمەيدۇ. ئۇ باشلىقنىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتكەن تۈزۈك.

— ھەي شوپۇر ئاداش، گەپ قىلمايسەنغۇ ئۆزى، — باشلىق سۆزسىز خىيال سۈرۈپ تۇرغان شوپۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ سىلىقراق سۆزلىدى — سەنمۇ بىلىسەن، بۇ ئىشتا سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ بار. زىياننى چوقۇم بۇ ئىشنى قىلغان ئادەم تۆلەيدۇ. ئۇ ئادەم تېپىلمىسا سەن تۆلەيسەن. ھۆكۈمەت پۇلىغا سالدۇرىمىزمىكىن دەپ، چۆچۈرنى خام سانىما. مەركەز چىقىمنى ئازايتىپ، ئىقتىسادنى تېجەشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقىلى نەۋاق.

— شاڭجاڭ. . . — سىلىگە. . . بىر ئېغىز. . . — شوپۇر ئەتىدىن بېرى تۈنجى قېتىم دۇدۇقلاپ ئېغىز ئاچتى.

— ھە نېمە گەپ، — يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا يەنە غەزەپ بىلەن قارىدى.

سىلىگە بىر ئېغىز گەپ. . . — شوپۇر باشلىقنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— ھە! . . . — يېزا باشلىقى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ موخوركىسىنى ئالدىرىماي شورىدى. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى قاتتىق بوراندىن كېيىنكى ئاسمانغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا سۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ شوپۇرغا بۇرۇلدى:

— ئەينەكنى بوران چېقىۋېتىپتۇ دېدىڭىزمۇ ئەمەتجان ئۇستام، ئەتىدىن بېرى تاڭغازا چىشلىۋالغاندەك تۇرماي بۇرۇنراق شۇنداق دېسىڭىز بولمامدۇ؟ ھەي بۇ تەبىئىي ئاپەتنىڭ بىزنىڭ ئېتىز - ئېرىق، مال - چارۋىلىرىمىزغا سېلىۋاتقان زىيىنى ئازلىق قىلىۋاتقاندەك بىر ئوبدان تۇرغان ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چاققىنىنى دېسە. . . — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— شۇنداق، شۇنداق شاڭجاڭ، — دېدى پۈت - قولىغا جان كىرىشكە باشلىغان شوپۇر ئالدىراپ، — بۇ لەنىتى بوراننى شۇ . . .

— تەبىئىي ئاپەت ئېلىپ كەلگەن زىيانغا ھۆكۈمەت ئىگە. دەرھال بېرىپ مالىيىنى تېپىپ، ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى سالدۇرۇۋېتىڭ. ماشىنا بۇنداق تۇرسا سىز بىلەن ماڭسىمۇ سەتتە، — دېدى يېزا باشلىقى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

# هەي، ئاياللار دېگەن...

ھېيت ھارپىسىدىكى يەكشەنبە بولغاچقىمۇ، بۈگۈن بازاردا ئادەملەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. مەن ئايالىمغا خۇرۇم چاپان ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ دۇكان ئارىلاۋاتقىلى بىر قانچە سائەت بولۇپ قالدى. قورسىقىم ئېچىپ، پۇتلىرىم تالدى. يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ئايلىنىۋاتىمەن. بىر چاپاننىڭ پاسونى يارىسا، خۇرۇمى يارىمىغان. خۇرۇمى سۈپەتلىك بولسا باھاسىغا يەتكىلى بولمىغان...

ھەي، مۇشۇنداق ھېيت، بايرام يېقىنلاشسا سودىگەرلەرمۇ ھەقىقەتەن ئىنساپنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، بىر يىللىق پايدىسىنى بىر قانچە كۈندىلا ئۈندۈرۈۋالماقچى بولغاندەك ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەن. «بولدىلا، خۇرۇم چاپان كىيمىگەنگە بىر يېرىڭىز كەملەپ كېتەمتى، كېلەر يىلى ھېيتتا كىيەرسىز، بولمىسا ھېيتتىن كېيىن بازار سەل پەسلىگەندە ئالايلى ...» دېگەن سۆزلەر بىر نەچچە قېتىم تىلىمىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولسىمۇ يەنە يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى ھېيت ھارپىسىدا ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويسام بولمايتتى. ئايالىم خېلىلا ئىنسابلىق ئايال بولۇپ، بىر قىسىم ئاياللاردەك ئەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قەرزگە كىيىم كىيىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر خۇرۇم چاپان كىيىش ئارزۇسىدا يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە مودا بولۇۋاتقان خۇرۇم چاپانلارنى ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلىق ئاياللاردىن تارتىپ ئون سەككىز ياشلىق قىزلارغىچە ھەممىسى كىيىۋاتسا... مودا قوغلىشىش دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. كىمنىڭ پېگورىغا ماسلاشتى، كىمنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئاچتى، كىمنى ھورۇن، گومۇش كۆرسەتتى ... بۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق، بەس ـ بەستە كىيىشىۋاتقان يەردە، ئايالىمدەك غۇنچە بوي، كېلىشكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلىلا يۇقىرى مائاش ئالىدىغان بىرسىنىڭ بۇ ئويدا بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا «بولدىلا» دېگەن سۆزنى نەچچە قېتىم ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇكانمۇ دۇككان ئارىلاشقا باشلىدىم. ھەر قېتىم «چوقۇم مۇشۇ ئەرزىيدۇ، پوسونىمۇ ئۆزگىچە، ئادەمنى جۇشقۇن كۆرسىتىدىكەن...» دېگەن خىيال بىلەن ئايالىمغا كىيگۈزۈپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئالدى ـ كەينى، يانلىرى، ياقا ـ يەڭلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ماختاشلىرىم ئۇنىڭ «مەن ياخشى كۆرمەيمەن، باشقىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى» دېگەن سۆزى بىلەن رەت قىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىمەن. كەچ كىرگىچە ئايلاندۇق، پۇت ـ قولۇم ئاغرىپ زادىلا بولالماي قالدىم. «سىزگە چاپان ئالساق ئالايلى» دېگەن ئاغزىمغا نەچچىنى سالغۇدەك بولدۇم، ئايال كىشى بىلەن بازار ئايلانغاننىڭ ئۆزى بىر ئەخمەق. ئاخىرىدا ئامال تاپتىم: ھەر بىر دۇكانغا كىرسەم «ماۋۇ چىرايلىقكەن، سىزگە چوقۇم يارىشىدۇ، مۇشۇنى ئالايلى...» دېگەندەك ئۆتمەس گېپىمنى قويۇپ، سودىگەرلەرنىڭ كارىۋات، ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇقۇمنى ئالىمەن. ئايالىم ئالدىرىماي خالىغانچە كۆرۈپ، كىيىپ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ بېقىپ يارىمىغاندىن كېيىنلا، سىرتقا ماڭىدۇ. ھەي ... بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلسامچۇ، ئەمدى مۇشۇ رىتىمدا بازار

ئايلىنىۋاتىمىز، كۈنمۇ غەربكە قايرىلىپ، بازاردىكى ئادەملەر بىر - بىرلەپ تارقىلىپ، كوچىلار شالاڭلىشىپ قالدى. قورسىقىم كوركىراپ، ئاشقازىنىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئايالىمۇ ھارغان چېغى، كۆزلىرى بۆلەكچىلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك، چىرايى سولغۇن كۆرۈندى. ئۇنىڭمۇ بۈگۈن چاپان ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چېغى:

— ئۆيگە قايتىپ كېتەيلىمۇ؟— دېدى ماڭا قاراپ.

— چاپان ئالماي يانامدۇق؟— دېدىم مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ.

— ئەتە ئالساقمىكىن، ھېلىمۇ سىزنى بەك ھاردۇرۇۋەتتىم،— دېدى ئايالىم كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بازاردا كۆرگەن چاپانلارنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىز كۆرگەن چاپانلارنىڭ ئارىسىدا، ئايالىمنىڭ بوي - تۇرقى، چىرايى، مىجەز - خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆيدىكى شۇنچە جىق ئىشلارنى قويۇپ، بىر كۈن بازار ئايلىنىپ ھېرىپ - ئېچىپ قۇرۇق قول يېنىپ كەلگىنىمىزگە سەل قورسىقىم كۆپتى:

— ھەيرانمەن، بازاردىكى شۇنچە كۆپ چاپانلاردىن سىزگە يارايدىغانلىرى چىقمىدىمۇ؟ ھېلىقى دوقمۇشتا كۆرگەن چاپان بولاتتى ئەمەسمۇ. بىلمىدىم، سىز قەيىرىنى ياقتۇرمىدىڭىزكىن؟

— ئۇ چاپان بۇلۇشى بولاتتى،— دېدى ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ — لېكىن بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئايجامالنىڭ كىيگىنى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشكەن.

— ئوخشاش بولسا نېمە بولاتتى؟ — دېدىم ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ، — توۋا، ئايال كىشى دېگەننى، بىرسى كىيگەننى يەنە بىرسى كىيسە بولمامدۇ؟

— سىز بىلمەيسىز، ئايجامال كىيگەننى، مەن كىيسەم ئۇ رەنجىپ قالىدۇ، شۇڭا ئىدارىدا ھېچكىم كىيمىگەننى ئالاي دېگەن.

— ئۇنداقتا باشقا دۇكاندىكى چاپانلارچۇ، شۇنداق سۇپەتلىك، خۇرۇمى ياخشى چاپانلارنىمۇ ياراتمىغىنىڭىز نېمىسى؟— دېدىم خاپا بولۇپ.

— رەنجىمەڭ، شۇڭا ئەتە ئۆزۈم سېتىۋالاي دېدىمغۇ؟ سىز دېگەن ئۇ چاپانلارنىمۇ باشقىلار ئاللىقاچان كىيىپ بولغان. سىز بۇلارنى بىلمىگەچكە ماڭا ئاچچىقلاپ زورلاۋېرىسىز،— ئۇ سۆزلىگەچ ماڭا بىر پىيالە چاي سۇندى، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى چاينىمۇ ئالماستىن، قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

توۋا، مەن ئايالىمنى ئەمدى چۈشىنىۋاتامدىمەن نېمە؟ ئاياللار ئاجايىپ بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ . . . ئايالىمدەك كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتكە ئانچە ئۆزىنى ئۇرمايدىغان، ئېغىر - بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئاياللار مۇشۇنداق بەس تالاشقان يەردە، كۈنىگە تۆت قېتىم كىيىم ئالماشتۇرۇپ، قەرزگە كىيىم كىيىدىغان مودىكەش، ياسانچۇق ئاياللارنىڭ كۈنىمۇ تەس ئىكەندە؟ . . . ئاخىرى ئەتىسىمۇ ئايالىمنىڭ ئۆزىگە يارايدىغان، بۇ شەھەردە ھېچكىم كىيمىگەن نۇسخىدىكى خۇرۇم چاپاننى سېتىۋالالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم - دە، ئاستا ئۆز ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:

— ھەي، ئاياللار دېگەن. . .

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

يۇسۇپجان ئىمىن جەۋلانى

# قاغجىراش

(چاتما نەسرلەر)

(1)

مېھرىبانىم، مېنىڭ ساداقەتمەن سۆيگۈمگە مايىل قەلبىڭنى بىخەستەلىك بىلەن ئېچىۋەتمىگىن، باھار قۇياشىنىڭ زەر نۇرلىرىغا ئەگىشىپ غەيرى نۇرلار ۋىسال شادلىقىغا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان مەستخۇشلۇقۇڭنى ئوغرىلاپ، بىر ماڭا تىۋىنغان يۈرىكىمگە قېتىمغا كىرىۋالمىسۇن؟! سېغىنىش ۋە دىدارلىشىش ھارپىسىدىكى لەزىز كۆيۈڭنى ھىلال ئاينىڭ پاكىز نۇرلىرىغا شەپىسىز قوشۇۋەت! مەن شۇندىلا سېنىڭ گۈزەل چۈشلىرىڭگە مەڭگۈ ئۇنتۇلماسلىق تەبىرىنى ئاتا قىلىمەن.

(2)

سەن ۋىسال شەربىتىنى ئازاب ئىچىدە سەۋدايىلارچە تىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ماڭا ھىجران چۆلىدە يۈكلىگەن بارلىق ئەلەمنىڭ جەۋھىرى بولغان جۇدالىق ۋەھىمىسىنى ساداقەتمەنلىك ھەم ئىشەنچ بىلەن ئۈن ـ تىنسىزلا ئۆزۈڭ كۆتۈردۈڭ... بىراق، مەن ئىرادىسىزلىك قىلىپ ئۈمىدسىزلىكنىڭ پايانسىز جەزىرىسىدە جۇدالىقنىڭ غالىب شەيتىنى كىشەن سالغان مەغلۇبىيەت دەرۋازىسىغا قاراپ يۈزلەندىم.

(3)

ئەقىل ـ ئىدرىكىمنىڭ سەزگۈ تۇيغۇلىرى ئۇيقۇ مۇئەككىلىنىڭ كەپشەرلەنگەن پولات ساندۇقىغا سېھرى بەنت قىلىۋېتىلگەن، خىيالىمدىكى ئۇچۇرما بولغان ساما ۋە بەختىنىڭ ساليۇتلىرى پارتلاشقا ئىنتىلىپ چاپچىپ يۈرىدۇ... ئەپسۇس، ئۆمۈر شۇ چاغدا سەن ئىسراپىلنىڭ قۇمۇش نېيىنى مىڭ كەپتەر بوقۇلدىشىدەك ھىجران مەھكۇملۇقىنىڭ ئېچىنىش كۈيىگە بار ئاۋازىڭ بىلەن ياڭرىتىپ كېلىپ: «كۆزۈڭنى ئاچ، ئويغان!» دەپ ئۆتۈپ كېتىپسەن!

(4)

تاڭ پەرىسى مەشرىق يىگىتىنىڭ چېكىسىگە سۆيگەن دەقىقىدىلا شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ كۆزلىرىدىن سۆيۈنۈش يېشى تۆكۈلدى. مەن بەرباتلىق چۆلىنىڭ يوقىلىش مەنزىلىنى كېزىپ، ھەقىقەت زۇلپىقارىنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭدىم. ھالبۇكى، جىسمىم ئەبەدىيلىك ھىجران پىچىنىڭ لاۋالىق يالقۇنىغا تاشلاندى...

(5)

ئاھ، نىگار! سۆيگۈڭنى ئوغرىلاپ، ئوڭۇم ۋە چۈشلىرىمنىڭ سېھرى رەڭدارلىقىغا قوشۇۋالغان چېغىمدا، سۆيۈلۈشۈمنىڭ ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ، ئەبەدىيلىك ھىجران قەسرىگە پالانغانلىقىمنى نېمىشقىمۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتىم!

(6)

سەن شېرىن چۈش سەيلىسىگە غەرق بولغىنىڭدا، سېنى ئويغىتىپ ئالدىڭدا زاھىر بولغان كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىق قەسرىگە تەكلىپ قىلىمەن. ئەمما، سەن بۇ قەسرگە كىرىشتىن بۇرۇن، شېرىن خىياللار بىلەن باسقان تۇنجى قەدىمىڭنى تۇرمۇشنىڭ پولات بوسۇغىسىدىلا تاشلاپ قوي...!

(7)

سەن گۈزەل تۇيغۇمنى پاچاقلاپ، شېرىن چۈشلىرىمنى بۇلاپ كېتىش بەدىلىگە مېنى جىمىكى ھايات سەرمايىسىدىن مەھرۇم قىلدىڭ. ھالاكەت غارى ئىچىدە روھىمنىڭ جىسمىمغا سىڭگەن زەئىپ قالدۇقلىرى سېنى قانداقمۇ تاپالىسۇن!

(8)

روھىمنىڭ يۇمران قاسىرىقى سىرتىدا سېنىڭ يېنىككىنە خۇش ھىدلىق تېنىقىڭ، بىتخوۋېننىڭ مەستخۇش ئەيلىگۈچى سىمفونىيىسىنى؛ يۈرەكنى لەختە، تۇيغۇنى رام قىلغۇچى ئاققۇ كۈيىنى بېسىپ چۈشتى.

سېنىڭ ھەر قېتىم شەپىسىز كېلىپ، مېنى چۆچۈتمەكچى بولغان تىنىقىڭ، روھىم قاسىرىقىغا ئۇرۇلغاندا، ۋۇجۇدۇمدىكى سۆيگۈ ئەلچىلىرى ھامان سېزىپ قالىدۇ، چۈنكى، مېنىڭ يۈرىكىم سېنىڭ تىنىقىڭ بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، ماڭا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن!

(9)

ئازاب چاقمىقى سۆيۈلۈشىمنى رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرۈپ چۈچۈل قىلىۋەتتى. ئەپسۇس، ئەبەدىيلىك ئەقىدەمنىڭ قۇدرىتى بىلەن سۆيۈلۈشۈمنىڭ جاراھەت ئېغىزلىرىدىن قىپقىزىل چوغلۇق گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشقا باشلىدى...

شۇنداق قىلىپ، بىر ئۆمۈر ھاياتنىڭ تۇرلۇك پىچلىرىغا چۈشۈپ تاۋلاندىم، قەلبىمنى پاكلىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر غەلىبە ئىدى.

چۈنكى، پاك قەلب — ھەقىقىي ئىنسان خاسلىقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نامايەندىسى، سۆيگۈ ۋە پاك ساداقەتنىڭ مەڭگۈ خورىماس خەزىنىسى، ئىنسان روھىنى ۋىجدانىغا، غۇرۇرىغا ۋە ئىشەنچ — جاسارەتكە تويۇندۇرىدىغان ئىلاھى مەدەتكار!!

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

ھاشىمجان ئابدۇراخمان

# نەسىرلەر

(1)

ئەقىل چىرىغىنىڭ نۇرلىرىنى نادانلىق ئاسمىنىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى توسۇۋالغان كىشىدىن، قانداقمۇ، شىجائەت كەمىرىدە بېلىنى باغلاپ، ئۈمىدلەر كوچىسىدىن بەختىيار، ئەركىن ھاياتنى تېپىش ئارزۇسىنى كۈتكىلى بولسۇن.

(2)

مەستخۇشلۇقتىن يۇمۇلغان كۆزلەر... سېزىمىنى يوقاتقان تەنلەر... ئەسەبىينىڭ چاڭگاللىرىدا تىپىرلاۋاتقان تىۋىشسىز سۆيگۈ... ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ... قىز مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ياش... يىگىت يۈزىدە ماكان تاپقان ساختا تەبەسسۇم...

(3)

سۆيگۈ — ھايات ئىشقىدا سوققان بىر جۈپ يۈرەكنىڭ ئارمانلار تىۋىشلىرىدا بەخت ئۈچۈن ئېيتقان لىرىكىسى... ساپ مۇھەببەت جاكارچىسى...

يۈرەك — ساپ مۇھەببەت قەسىمىگە چىلانغان قىپقىزىل قۇياش...

ساپ مۇھەببەت جاكارچىسى بۇ يەردىن كېتىپ قالغاندا، قۇياشنى چىللاپ كېلىش ئۈمىدىدە بولما.

(4)

مۇھەببەت — تاڭ سەھەردە پارلاپ چىققان قۇياشقا مۆكۈنگەن مۇڭلۇق لىرىكا... يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقان، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلىشى... ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھىجران ناخشىسى... بىر - بىرىگە تۇتقان ۋىسال شارابى... ئايرىلىش ناخشىسىنىڭ بىر جۈپ يۈرەكنى داغلىشى...

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

مۇھەممەت چاۋار

## شېئىر - شائىر ھاياتى كۈچىنىڭ نامايەندىسىدۇر

مەن ھەر قېتىم شېئىر ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان، شېئىر يېزىۋاتقىنىمغا قارىماي، «شېئىر دېگەن نېمە؟» دېگەن مەجھۇل سوئالنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىمەن. دۇنيادا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شېئىرىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ بولۇشىغا قارىماستىن «شېئىر» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ھېلىھەم ئېچىلمىغان «تىلسىمات» قا ئوخشاش سىرلىق ھالەتتە تۇرماقتا.

شېئىر ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلەرگە ئايانكى، شېئىر — شېئىرى ئىقتىدارغا ئىگە شائىرلار تەرىپىدىن «توقۇپ» چىقىلغان، كىشىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە تۇيغۇ ۋە تەسىرات بېغىشلىيالايدىغان لىرىك ئەسەر. شائىرلار مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى شېئىرلار خەلقنىڭ ئەمگەك قوشاقلىرى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، قەدىمي كىشىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋە كۆڭلىدىكى قايغۇ - ھەسرەت، خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. مۇشۇ ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر تۇرمۇشتا ئۆزلىرىگە جاسارەت، ھارغىنلىقىغا ئاراملىق تاپاتتى. شائىرلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر شائىرلارنىڭ ياخشىلىققا بىشارەت بېرىدىغان سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، چارۋىچىلىق ۋە روھقا سېغىنىشلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان بولدى. ئۇ چاغلاردا، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا شائىرلار مەسخىرىۋازلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سېھرى شەكلى ئارقىلىق ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ماختاپ، دۈشمەنلىرىنى سۆكۈپ قاقشاتتى.

شېئىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئايرىلىپ، شائىرلار تەرىپىدىن مۇستەقىل ئىجاد قىلىنىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىنكى مىڭ يىللار داۋامىدا ئۇنىڭ تەرەققىياتى شۇنچىلىك تېز بولدىكى، شېئىرىيەت زەررىچىلىرى تارقاتقان ھارارەتتىن ئىككىنچى بىر ئالەم، ئىككىنچى بىر قۇياش بارلىققا كەلدى. ئەمدى بۇ مەنزىرىنى تامامەن مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ: مۇبادا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى تاغلارغا ئۇرۇلسا، تاشلار ئېرىپ، سۇغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ، قۇملۇقلارغا چۈشسە بىپايان قۇم بارخانلىرى شۇ ھامان ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.

شېئىر — ئىنساننىڭ تۇيغۇ، ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى.

شېئىر — ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئىجادي پائالىيەتكە ئۆتكەنلىكىنىڭ بەدىئىي بەلگىسى.

شېئىر — ئىنساننىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى ۋە نامايەندىسى.

شېئىر ــ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ جارچىسى. گۈزەل روھنىڭ، قەلبنىڭ، تىلنىڭ ئىپادىسى. ئۇ، كونكرېت گۈزەللىك بىلەن ئابستراكت گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى.

شېئىر ــ ئادالەت ۋە ھەقىقەت قەسىرىنىڭ ساقچىسى. پاكلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ ھىمايىچىسى. ئۇ، ھەممە رەزىللىك، ساختىلىق ۋە يامانلىقنىڭ گوركارىدۇر.

قەدىمدىن تارتىپ شېئىر ھەققىدە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك يازغۇچىلار، شائىرلار، ئالىملار ۋە پەنشۇناسلار تۈرلۈك قاراش ۋە قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى:

«شېئىر ــ بىر خىل ئالاھىدە قوللىنىلغان تىل ئۇسۇلى ھەم تىلنىڭ ئىپتىدائى شەكلى»

(«بىرتانىيە قامۇسى»).

«شېئىر ــ باشقا ئەمەس، بەلكى، قاپىيە تەرتىپىگە ئۇيغۇن يېزىلغان، سۆز ياساشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن توقۇلما ھېكايىدۇر».

(دانتى).

«ئادەتتىكى مەنادا شېئىرنى تەسەۋۋۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ».

(شىللىر).

«شېئىر ــ ھەممە بىلىمنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدۇر».

(ۋ. ۋور. دىسۋورت).

«شېئىرنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب خىزمىتى ئەسلىدىن تارتىپ ئۆزىدە سەزگۈ بولمىغان شەيئىلەرگە سەزگۈ ۋە ھېسسىيات ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت».

(گ. ۋىكو).

«شېئىر = (بىۋاستە سەزگۈ + ھېسسىيات + تەسەۋۋۇر) + مۇۋاپىق يېزىق».

(گومۇرۇ).

«ھېسسىيات ــ شېئىرنىڭ يىلتىزى، تىل ــ شېئىرنىڭ غولى. ئاۋاز ــ شېئىرنىڭ گۈلى، مەنا ــ شېئىرنىڭ مېۋىسىدۇر».

(بەي جويي).

«شېئىر ئىچكى ھېسسىياتىمىز بىلەن قەلبىمىزنىڭ بارلىق گۈزەل، خاسىيەتلىك ھەممە ئەقىللىقكە ئىگە شەيئىلەرگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئاساس قىلىدۇ».

(دوبروللىيوبوۋ).

«شېئىر ھېسسى ئىدىيە بىلەن ئەقلىي ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان قاپىيىلىك بېزەلگەن ماقالىدىن ئىبارەت مۇھاكىمىدۇر».

(سانتايانا).

«بىۋاستە سەزگۈ شېئىر ھۆجەيرىسىنىڭ يادروسى. كەيپىيات ئۇنىڭ پروتوپلازمىسى. تەسەۋۋۇر بولسا ئۇنىڭ خروموسومىسىدۇر. شېئىرنىڭ شەكلىلا ھۆجەيرە دىۋارى بولۇپ، ئۇ، ھۆجەيرە پلازمىسىدىن ئاجرىلىپ چىققان نەرسىدۇر».

(گومۇرۇ).

شېئىر ئۇقۇمى توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەتنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن قىسمەن ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما، شېئىرنىڭ تولۇق بىر پۈتۈن ئورگانىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. مەلۇمكى شېئىرىيەت ئوبيېكت، سۇبيېكت، تۇيغۇ، كەيپىيات، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، تىل، ئوبراز، بەدىئىي مۇھىت، شەكىل قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شېئىر يازغاندا رېئال گۈزەللىك ئاساسىدا (ئەلۋەتتە رېئال سەتلىك ئاساسىدىمۇ) ئېستېتىك گۈزەللىك، بەدىئىي گۈزەللىك يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك شېئىر ئىجادىيىتىدە ئېستېتىك گۈزەللىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىراق ئۇ، بەدىئىي گۈزەللىككە تەڭ بولمايدۇ. شېئىردا ئىدىيە مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئۇ، ئوبرازنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئىدىيە ئوبرازنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ شېئىر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەبىر دېگىلى بولمايدۇ.

مېنىڭچە ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى بىلەن خۇاڭ گاڭنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتە خېلى كۆپ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغان، دېيىشكە بولىدۇ:

«شېئىرىيەت» دېگەننىڭ مەنىسى ھېس قىلىش، سېزىش، بىلىش ياكى چۈشىنىش دېگەندەك ئۇقۇملارنى بەرسىمۇ، كۆچمە يەنى ئىستېمال مەنىسىنىڭ دائىرىسى خېلىلا كەڭ. بەزى مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، شېئىر ئادەم بالىسىنىڭ ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئىدراكى تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان تەسىراتىنى، شۇنىڭدەك تاشقى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى شائىرانە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ ۋە يۈرەك تۇيغۇلىرى بىلەن چۈشىنىپ، كېيىن ئۇنى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئالەمىدە بەدىئىي ۋە ئىجادىي شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تەسۋىرلەپ، مۇشۇ ئاساستا باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىرات قوزغاپ، يېڭى تونۇش ياكى يېڭى ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدىغان ئىنچىكە، نازۇك سەنئەت ۋە ئەدەبىي ماھارەتلىك تېخنىكا دېيىلىدۇ، (ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى، «ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى يارىتايلى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 3 - سان).

«شېئىر ـ لىرىك سۇبيېكتنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى تەسىرات، كەيپىيات، ھېسسىيات، ئارزۇ - ئارمانلىرى توغرىسىدىكى لىرىك بايانى. ئۇ ھەمىشە قەلبنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، ئىچكى قاپىيە تەرتىپىگە ئىگە بىر خىل لىرىك ئەدەبىيات شەكلى. ئۇ، يازغۇچىنىڭ مول تەسەۋۋۇر قوللىنىشىنى، ئىخچام، رىتىمى يارقىن، ئاھاڭدارلىقى ماسلاشقان تىل بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان شېئىرى ئوبراز ۋە مۇئەييەن بەدىئىي مۇھىت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە ئۇ، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن، شەكلەنلىكتىن ھالقىپ كەتكەن، تۇرمۇش لوگىكىسى بىلەن تىل تەرتىپىدىن ھالقىپ كەتكەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ»، (خۇاڭ گاڭ: «شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا»).

گەرچە بۇ ئىككى تەبىردە شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى خېلى تولۇق دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تەپەككۇر زىنچىلىقى ئاجىز، تۈردەش ئۇقۇملار كۆپ بولغاچقا، پىكىر قاتلاملىرىدا خېلى زور دەرىجىدە بوشلۇق قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە لوگىكىلىق ئۇقۇم قانۇنىيەتلىرىگە سەل قارالغانلىقتىن، تەبىرنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، قوللىنىشقا

قولايسىز.

شۇڭا، شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، مېنىڭچە شېئىرغا مۇنداق تەبىر بېرىش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق:

شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى شېئىرى تۇيغۇ، ھېسسىيات، كەيپىيات، تەسەۋۋۇرغا ئىگە لىرىك سۇبيېكت روھىنىڭ مەركەزلەشتۇرۇلۇپ، ئىخچام يارقىن، مۇزىكىلىق تىل تەسۋىرى ئارقىلىق تەبىئىي زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن جانلىق شېئىرى ئوبراز ۋە بەدىئىي مۇھىت شەكلىگە كىرگەن بىر خىل لىرىك ئەدەبىيات ژانىرىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە شېئىرى ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى، ۋاسىتىسى ۋە شەكلى مەسىلىسى ئىخچام ئىپادىلەنگەن: بىرىنچىدىن، شېئىر لىرىك سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالغان بارلىق تۇيغۇسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى ۋە تەسەۋۋۇرىدىن شەكىللەنگەن شېئىرى ھاياجانلىق روھىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، شېئىر ئىخچام، يارقىن، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تىلنى ۋاستە قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، شېئىر شائىر تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىق تەبىئىي زامان ۋە ماكان چەكلىمىدىن ھالقىپ كەتكەن ئەركىن «ئىككىنچى تەبىئەت» گە ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى زامان، ماكان چۈشەنچىسى ئېستېتىك ئوبيېكت ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق زامان، ماكان دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچىدىن، شېئىر جانلىق شېئىرى ئوبراز ۋە بەدىئىي مۇھىت شەكلىگە كىرگەن ئېستېتىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ - دە، زوقلانغۇچىلار قەلبىدە چىنلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىق تۇيغۇسىدىن «ئۈچىنچى تەبىئەت» — ئېستېتىك روھىي دۇنيانى پەيدا قىلىدۇ.

«مېنىڭچە شېئىر ئىجاد قىلىش (ئادەم) ئىجاد قىلىشتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا ھېسسىياتنى گۈزەللەشتۈرۈشتۇر» (گومورو). پۈتكۈل كائىناتنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان شېئىرى سۇبيېكتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالەمدىكى ھەممە نەرسە — ئېيتايلۇق، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئادەم، گۈل - گىياھ، ئۇچار قانات، قۇرت - قوڭغۇز، تامام مەخلۇقات، كۆللى مەۋجۇدات. . . تەڭ ھوقۇقلۇق ئېستېتىك قىممەتكە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. شائىرنىڭ قانداق ئېماگلارنى تاللىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىجتىمائىي قىممەتتىن شېئىرى تۇيغۇ، ھېسسىيات، كەيپىيات، تەسەۋۋۇرغا ئېرىشەلىسىلا ھەمدە بۇ خىل ئېستېتىك روھنى مەركەزلىك ھالدا گۈزەل تىل تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالالايدىغان جانلىق شېئىرى ئوبراز ۋە بەدىئىي مۇھىت شەكلىگە كىرگۈزۈپ يورۇتالىسىلا بەدىئىي مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ. روشەنكى، «ئەسەر مەقسەتنىڭ ئۆزىدۇر». مۇبادا «شېئىر شائىرنىڭ ۋاسىتىسىغا ئايلانغان ھامان شائىر شائىر بولماي قالىدۇ» (ماركس: «ماركس ئېنگېلس» ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئېستېتىكا توغرىسىدا»).

دېمەك، شېئىر شائىرنىڭ ھەممە بايلىقى، تۇيغۇسى، ھېسسىياتى، تەسەۋۋۇرى، خىيالى، تەپەككۇرى، جېنى، تېنى، ھاياتىدۇر. شائىرنىڭ شېئىردىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. شېئىر شائىر ۋۇجۇدىدىكى ھەممە مۇھەببەت نەپرەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇ، شائىر ھاياتىي كۈچىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسىدۇر.

1998 - يىل 2 - ئاي. خوتەن

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابدۇلئەھەد قادىرى

# شېئىرلار

## دوستلۇق

ھاياتتا ئەھلى ئىنسانغا جىمىدىن بەك راۋا دوستلۇق،
مىسالى ھەر تىرىك جاننىڭ جېنىدىن ئەتىۋا دوستلۇق.

گىياھلار كۆكلىمەس سۇسىز، قاناتسىز قۇشتا پەرۋاز يوق،
چىمەندە بۇلبۇلى تەنھا بولۇرلەر بىناۋا، دوستلۇق.

قورام تاش ھەر قاچان يۇكسەك نەزەرنىڭ تۆرىگە شاھتۇر،
شېغىل - قۇم قىسمىتى گويا قەدىرسىز خەس، چاۋا، دوستلۇق.

سۇلايمان تەختىگە شاھسەن ۋەلەيكىن دوستى يوق تاقسەن،
دېمەككى، ئاقىۋەت بىر كۈن قالۇرسەن بىداۋا، دوستلۇق.

ۋاپادار دوستلىرىڭ باركى ئۆتەرسەن رەنجىسىز، غەمسىز،
خىجىللىق دەردىدە بولماس يۈزۈڭمۇ قەھرىۋا، دوستلۇق.

بەختنىڭ ئۇلى — دوستلۇقتا، تۇتاشتۇر رىشتى خۇشلۇققا،
ئۇنىڭكى قىممىتى، قەدرى گويا نۇر، سۇ، ھاۋا. . . دوستلۇق.

ئەھەدى، كۆيلىگىن بىرلىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى،
مىگەر كىم بۇزسا دوستلۇقنى غەزەپ قىل، ئۇر، ساۋا! دوستلۇق.

## يورۇپ كەتتى

مېنىڭ چاقچاقانغىنە ھويلام گويا گۈلزار بولۇپ كەتتى،
قاراپ تەشتەك ئارا گۈلگە، دىلىم زوققا تولۇپ كەتتى.

قېتىپ خۇشبۇيىغا داڭقىمنى سابا ئېپ كەتتى ھەر يانغا،
زىيارەت قىلدى مۇخبىر قىز، مېنى ماختاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلاپ شۇ دەم شۆھرەت تەمەسى قوندى چېھرىمگە،
بېشىمنى چايقىدى مۇخبىر، قاراپ بىر پەس تۇرۇپ كەتتى.

«كېرەك بولسا ئېلىڭ تاللاپ، قىلاي بىر نەچچىنى تەقدىم»،
دېسەم، نەدىن بىلەي، گۈلگە قاراپ «خىيال سۈرۈپ» كەتتى.

سەھەردە كەتتى ئۇ، چۈشكە يېقىن قالدىم لېۋىم چىشلەپ،
سەۋەبكى، نەچچە تەشتەك گۈل سولاشقانچە قۇرۇپ كەتتى.

تۇيۇلدى بۇ ئەلەملىك ھال ماڭا سىرلىق تېپىشماقتەك،
دېدىم: «جەزمەن ئاشۇ مۇخبىر يامان كۆزدە ئۇرۇپ كەتتى».

«ئۇيالدى بەلكى تەشتەك گۈل ئۇنىڭ پەزلى — جامالىدىن»،
كېچىپ شۇ ئوي خىيالىمدىن شۇئان كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى. . .

## چۆشلىرىم...

تالاي كېچە، تالاي چۆشلەر ناز بىلەن،
قۇچىقىدا ئەللەيلىدى، بەزلىدى.
ئىشرەت تۈزدۈم چىمەنلەردە ياز بىلەن،
لېكىن، كۆڭلۈم قىلچە باھار سەزمىدى.

ئاھ! باھارىم، چۆشلىرىمنىڭ باھارى،
كەتتىمكىن كۆز يېشىمغا قېتىلىپ؟
كۆز ئوڭۇمدا كەچمىشلىرىم قاتارى،
شىرىڭلايدۇ زەنجىر ئوخشاش چېتىلىپ.

تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆپۈقتەك،
ئارمانلىرىم سىڭدى باسقان ئىزىمغا.
تونۇگۇمدىن چېچىلغان نۇر — يورۇقتەك،
بىر ئىزگۇ ھېس ھەمراھ ھامان ئېڭىمغا.

چىڭ قۇچاقلاپ تىنچ، ئايدىڭ كېچىنى،
چۆش ھىجرىدىن باشقىسىنى سەزمەيمەن.
خىيالىمدا ھىدلاپ نىگار چېچىنى،
ئاھ، شېرىن چۆش - ياشلىقىمنى ئىزدەيمەن!

## بولسىچۇ، تۇغۇلغىلى يېڭىباشتىن

بىر تالاي كەچۈرمىشلەر ئۆتۈپ باشتىن،
ھالقىغان چاغدا ئۆمرۈم قىرىق ياشتىن.
ئويلىسام، ياشاپتىمەن بەكمۇ چولتا،
بولسىچۇ، تۇغۇلغىلى يېڭىباشتىن.

بولسىچۇ، تۇغۇلغىلى يېڭىباشتىن،
قۇتۇلۇپ غەپلەت ئارا تېڭىرقاشتىن.
كەمكۈتىسىز ئادەم بولۇپ ياشايتتىم، بەس!
ئەجرىمدە گۈل ئۈندۈرۈپ قارا تاشتىن.

## سەھراغا مۇھەببەت

ماڭغىنىمدا يىراق سەھرا — يېزىغا،
كۆزۈڭدە ياش، يىغلامسىراپ ئۇزاتتىڭ.
«ئاق يول بولسۇن» دېدىڭ كۈلۈپ زورىغا،
(بىلىپ قالدىم، ئىچىڭدە ئاھ ئۇراتتىڭ.)

خۇشال بولدۇڭ قۇتۇلغاندەك ئازابتىن،
يېنىپ كەلگەن چېغىم سېنىڭ يېنىڭغا.
بىلسەڭ مەنمۇ سېغىنىش، ئىزتىراپتىن،
تۇتاشتۇرۇپ كەلدىم ئوتنى جېنىمغا.

ھاردۇق سوراپ چىققىنىڭدا ئالدىمغا،
قۇچاق ئاچتىم كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ.
«جۈر، نىگارىم كېتەيلى شۇ سەھراغا»،
— دېسەم، قالدىڭ قوشۇماڭنى سەل تۈرۈپ.

سەھرا ئەمەس مەئىۋا ئىكەن بۇ ۋادا،
ھېسلىرىمدىن ئېچىلدى چوڭ دېرىزە.
گۈزەللىكنىڭ ئانىسى شۇ سەھرادا،
بار ئىكەنغۇ تالاي - تالاي مۆجىزە.

مېنى سۆيسەڭ توسما نىگار يولۇمنى،
جۈر ياقايلى، باغرىمىزنى سەھراغا.
«كەچۈر» دېسەڭ، قويىۋەتكىن قولۇمنى،
كۆتەر مېنى بەختىم ئاشۇ سەھرادا...

1997 - يىل سېنتەبىر

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

دولقۇن جاپپار

# قىز تۇغۇلدى

قىز تۇغۇلدى يۈرەك تۇغۇلدى،
ئۆيىلۇشتا قىزاردى قۇياش.
مۇھەببەتكە قانمىغان دۇنيا،
گۈل - گۈللەرنى سىلكىتتى تۇتاش.

قىز تۇغۇلدى بىر باب تۇغۇلدى،
يېپىلمىغاچ سۆيگۈ قامۇسى.
قىز تۇغۇلدى ئازاپ تۇغۇلدى،
ئاۋۇپ قالدى يۈرەك يارىسى.

قىز تۇغۇلدى كۈيەك تۇغۇلدى،
قىز تۇغۇلدى سۆيەك تۇغۇلدى.
ئۇدۇملارنىڭ ئۈلۈنۈپ تېگى،
چوقۇم بىر كۈن تىترەك تۇغۇلدى.
قىز تۇغۇلدى، ھايات تۇغۇلدى،
مۇھەببەتكە قانات تۇغۇلدى...

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ھۆرنىسا تۇردى

# شېئىرلار

## ھايات سۆيگۈسى

سۆيۈلۈشتىن يارالغان جاھان،
سۆيۈشلەرگە قانىدۇ قاچان.
مەن سۆيەلمەي گۈزەل ھاياتنى،
لەۋلىرىمدىن ئاققان قەدەر قان.
شۇڭا مەڭگۈ مەۋجۇت ھاياتىم،
سۆيۈشلەردىن تاپقاچقا دەرمان.

## كۈز خاتىرىسى

يۈرەكتىكى بارچە ئازابنى،
ئېلىپ كەلدى ئىزغىرىن شامال.
قارىچۇقۇمدا توختالغان ياشنىڭ،
سەۋەبكارى سۆيگۈ ئېھتىمال.

ئەڭ ئاخىرقى جۇدالىق يېشى،
سورىمىدىڭ مېنىڭدىن نەھال.
شۇ ھالىڭدا پەقەت تەسەللى،
بېرەلمەيسەن مەڭگۈ ئېھتىمال.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سەنمۇ،
تىترەپ قالدىڭ بوراندەك غال ـ غال.
يا ھۆركىمەس ئۈنسىز شىۋىرغان.
ئۈنلىرىممۇ ئۆچكەن ئېھتىمال.

مەن ئايرىلدىم سەندىن يىراقتا،
پاك سۆيگۈمنى كۆردۈڭمۇ مالال.
كۆز ياشلىرىم بولدى بىر بۇلاق،
سەن كېتەرسەن كۆلۈپ ئېھتىمال.

پۇشايمانغا تولغان يېشىمنى،
سۈرتەر ئىدى خوش ناۋا شامال.
باھار كېتىپ كەچ كۈز كەلگەندە،
ئۆمۈرلەرگە يوقتۇر ھېچ ئامال.

## ئۆتكۈزىمەن ھاياتىمنى شۇنداق

ئامراقلىقىڭ يېتىدۇ كۆككە،
تېپىۋالساڭ پىنھاندا مېنى.
كۆز قىرىڭنى سالمايسەن لېكىن،
دوستلار ئارا ئۇچراتسام سېنى.

جېنىم دەيسەن قەدىرلەپ شۇنچە،
ھاياجاندىن ياشلىرىڭ ئۈنچە.
بۇلبۇلمۇ سەن ۋە ياكى تۇلكە،
بىلىپ قالاي جاۋاب بەر قېنى؟

خىجىل بولۇپ قاچامسەن ياكى،
ئۆزگىلەرنىڭ ئوغرى دېيىشىدىن.
يا قاچامسەن ھەسەتخورلارنىڭ،
جان قاقشاتقۇچ نەشتەر سۆزىدىن.

قورقۇپ يۈرسەڭ پىتنە ـ پاساتتىن.
ھاسىل بولۇر چۈشىنىش قانداق.
يا سۆيەلمەي ۋە يا سۆيۈلمەي،
ئۆتكۈزەمدۇق ھاياتنى شۇنداق.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئىدرىس مەتسىيىت (قەدىناس)

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەللەر

مەن كۆلۈپ ئۆستۈم بۈگۈن سۆيگەچ مېنى دائىم ۋەتەن،
چوغ سۆپەت رەناسى بار، ھىدى ئىپار باغىم ۋەتەن.

شادلىقىم جۇشقۇن ئېقىن، ئوينار كۆزۈمدە نۇر بۇلاق،
قامىتىم ـ قەددىمگە كۈچ ئەتكەن بەخش ماھىم ۋەتەن.

غەش ئىدى كۆڭلۈم بۇرۇن، رەڭگىم سېرىق ـ سايىنىڭ ئوتى،
گۈل سىياق بەردى چىراي، ھەر دەم ماڭا قانىم ۋەتەن.

ئۈزدۈرۈپ مەلئۇنغا ئوق، باغقا ئەجىر ـ تەر تۆكتۈرۈپ،
جەڭ ئارا كۈلدۈردى شاد، مېھرى دېڭىز، شانىم ۋەتەن.

مەن قاچان قىلسام كۈرەش، كۆزنى چاقار شەمشەر تىغىم،
تەكتىدىن كەتكەچ تۈگەپ كۆڭلۈمدىكى ئاھىم، ۋەتەن.

كۆك ئارا قاقسام قانات لاچىن كەبى پەرۋاز قىلىپ،
بولدى پەر، بولدى قۇۋۋەت مېھرى ئۇلۇغ تاغىم ۋەتەن.

ئۆرلىگىن جەڭ ـ بەيگىدە، تاپقىن شەرەپ ـ شۆھرەت يەنە،
سەن ئۈچۈن ئۆمرۈم بويى ئېيتاي غەزەل جانىم ۋەتەن.

مەن سېنى سۆيدۈم ۋەتەن ئوتلۇق دىلىمدىن ياقتۇرۇپ،
ياڭرىتىپ شەنىڭگە كۈي قاتتىم تىلىمدىن ياقتۇرۇپ.

سەن بىلەن تاپتىم بەخت ، يەتتى مۇرادىم ۋەسلىگە،
قىل قوبۇل سۇندۇم ئەتىر خۇشبۇي بېغىمدىن ياقتۇرۇپ.

بولمىسا مېھرىڭ ئانا، بارمۇ ماڭا گۈلدەك ھايات،
ھەر يۇتۇم قەترەڭنى مەن سۆيدۈم جېنىمدىن ياقتۇرۇپ.

باشلىغاچ ئەقلىڭ سېنىڭ جەڭدە ـ چېلىشتا غەلىبىگە،
تەر ـ ئەجىر تۆكتۈم ساڭا چوغدەك قېنىمدىن ياقتۇرۇپ.

سەن بىلەن بارسام قايان، غەمدىن خالاسمەن، شادىمان،
بىر ئۆمۈر بەردىم مېھىر، ھۆرمەت تېنىمدىن ياقتۇرۇپ.

ئۆرلىگىن جانىم ۋەتەن، يەتكىن ۋىسالىڭ تەختىگە،
سەن ئۈچۈن چەگدىم كەمەر، يەشمەي بېلىمدىن، ياقتۇرۇپ.

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

www.uyghurkitap.com

# ئەسقەرى سوپۇرگە ئاخۇن شېئىرلىرى[1]

## ۋاپاسىز ئەر ئۈستىدە شىكايەت[2]

كېلىپ دەرگاھىڭغا ئىگەم داد ئېتەي،
غېرىب ـ خەستە كۆڭلۈم بارىپ شاد ئېتەي.
پەقىر بىر ئەسكى گادايغا تېگىپ،
خوتۇن قىلدى بويۇنۇمنى ئانچە ئېگىپ.
يىگىرمە ئىككى يىل بولدى بىر ئۆيدە بىز،
بالام بار ئىدى ئۈچ ئوغۇل ئىككى قىز.
ئېغىر بوي ئىدىم قورساقىمدا بالام،
مېنى قىلدى ئەمدى ئۆزىگە ھارام.
بۇ مەلئۇنغا تەگكەندە مەن ياش ئىدىم،
ئاجايىپ چىرايلىق قەلەم قاش ئىدىم.
بىجىقلىرىم بار ئىدى قىزىل ئالمىدەك،
ئېزىپ ئاتتىلەر كونا بۆز خالتىدەك.
مېنى قىلدى بۇ گاداي مازۇك قىنە،
چىقاردىكى سويغان پىيازدەكقىنە.
ئاتام يوق، ئانام يوق مۇساپىر خوتۇن،
يېمەككە ئېشىم يوق، قالۇرغا ئوتۇن.
گۇلى پادىشاھىم بۇ دادىمغا يەت،
ئۆزۈم بۇبى ئاجىز سۆزۈمنى تۇگەت.
قۇتلۇق ئەكەلگەنلەر باسىپ ئۈستى لىگەنلىك،
كىچىك مىس ئاياقتا ئۈستى ئىككى تەنگە بەرگەنلىك.
ماڭا سېلىپ بەردى بىر ئەچكۈنىڭ يىنى نى،
ئانى سېلىپ بەرگەن ئادەمنىڭ تىلىدىم جېنىنى.
ماڭا بەرگەن ئاشى بىر قويىنامغا پاتتى،
ئۆيگە ئېلىپ بارسام ئىككى بالام يەپ بولۇپ ياتتى.
ئۆلۈغ ئاشىدا بەرمىدى پىشرە يا بىر جامدا شورپا،
شۇنداغلا تويغاچىقادۇرغان بولسام مىڭ تۇۋا.

•

## ياخشى خاتۇن بىلەن ئەسكى خاتۇننىڭ نەزمىسى

ياخشى خاتۇن ئېرىگە بەرگەي غىزا،
ئەسكى خاتۇن ئېرىگە قىلغاي ئىزا.
ياخشى خاتۇن ئېرىگە ئاش ـ نان بىرۇر،
ئەسكى خاتۇن ئېرىگە دەشنام بىرۇر.
ياخشى خاتۇن ئېرىگە چاي دەملىگەي،
ئەسكى خاتۇن ھەر زىياندىن سۆزلىگەي.
ئىشچان خاتۇن ئېرىگە ئاش دەملىگەي،
ھورۇن خاتۇن يەرگە قوڭىنى يەملىگەي.
ياخشى خاتۇن ئەر ئۆيىگە بىر چىراغ،
ئەسكى خاتۇن سانجىغاي ئەرگە ياراغ.
ياخشى خاتۇن ئەرگە پايدا كۆزلىگەي،
ئەسكى خاتۇن ھەرقاياندىن كۆزلىگەي.
ياخشى خاتۇن ئەر يۈرەكىگە داۋا،
ئەسكى خاتۇن ھەر كۈنى ئىتتەك قاۋا.
ياخشى خاتۇن ئەرگە تەڭلىك سالمىغاي،
ئەسكىسى سۆزنى قۇلاقتا ئالمىغاي.
ياخشى خاتۇن كوچىلارغا كۆپ چىقمىغاي،
ئەل ئۆيىگە خالىغانچە پۇت تىقمىغاي.
ياخشى خاتۇندىن باھار بولغاي كۆڭۈل،
ئەسكى خاتۇن مۇزلاتۇر دىلنى تۇگەل.
ياخشى خاتۇن تۇتقاي ئەر پەرماننى،
ئەسكىسى يەرلەر ھارام ئەر ناننى.
ياخشى خاتۇن ياخشىنى باشلىغاي،
ئەسكىسى ئۇخلاپ سۆڭەكچىنى قاشلىغاي.
ياخشى خاتۇنلاردا بولغاي ھەم ھايا،
ئۆزلىرىنى ئەسكى ئىشلاردىن ئايا.
ياخشىسى ئەرگە قەنائەت ئەيلەگەي،
ئەسكى خاتۇنلار زىنانى پەملىگەي.
ياخشى خاتۇن قىلغۇسى ئەرنى ئامان،
ئەسكىسى قىلغاي چىرايىڭنى سامان.
ياخشى خاتۇن ئازنەلىككە بىر بارۇر،
ئەسكىسى ھەركۈندە باشنى ئۈچ تارۇر.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

---

① ئەسقەرى سوپۇرگە ئاخۇن شېئىرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ 1930 ـ 1940 ـ يىللار ئارىلىقىدا خوتەن ئىلچى گۈلباغدا ياشىغان بولۇشى مۇمكىن.

② ئەسقەرى سوپۇرگە ئاخۇننىڭ بۇ شېئىرى موللا نىياز چاقارنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئەرزنامە» دېگەن شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىدە قايسىسىنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. كىتابخانلارنىڭ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ياخشى خاتۇننىڭ ھەمىشە خىزمىتى،
ئەسكى خاتۇننىڭ ھەمىشە مېھنىتى.
ياخشى خاتۇندا خىيانەت بولمىغاي،
ئەسكى خاتۇندا دىيانەت بولمىغاي.
كۆرۈنىشى بولسا چىرايلىق يۈزى ئۈز،
ياخشى بولماس، بولسا ئانىڭ سۆزى مۇز.
خۇلقىسى يوق، يۈزلىرى ئاق بولسىمۇ،
كۆڭلى ئەسكى، تەنلىرى ساق بولسىمۇ.
زاھىرى ئاق بولسا لېكىن دىلى قارا،
ھەرقاچان قىلغاي كۆڭۈللەرنى يارا.
دىلى ئاقارماي يۈزلەرى گەر بولسا ئاق،
ئىت، ئېشەككە بولدى لايىق ئۇل شاپاق.
يۈزلىرى ئاق دىلى قارادۇر بۇ جالاپ،
ئىت مەسەللىگ يۈردى گوداڭنى يالاپ.
بىرىنىڭ باشىدا بار سۆسەر تۇماق،
باشىنى ئاچسا ساچى تازۇ - قوماق.

ئالتە گەز گۈلزارى ئاشىق كىيىپ،
يۈزلەرنى يېپتا - موچۇندا تىرىپ.
بۇ زاماندا لولىلەرنىڭ ئاتى خان،
لولىلەرنى خان دېمەكلىك بەك يامان.
دىلى قارادىن يۈزى قارا بولغانى خوپ،
ياخشى خاتۇننىڭ ئەگەر تولغانى خوپ.
ئىشلىمەي لولى گۇناھكار دىلى قارا،
ئەسكى خاتۇن ئالتە - بەش كۈن پارقىرا.
ھەم قېرىلىقتىن يۈزىگە داغ يېتەر،
تىز، قولىدىن ھەممە قۇۋۋەتلەر كېتەر.
ھېچ كىشى ئالماي بۇرادەرلەر بۇ دېدەك،
يىغلاغان بىرلەن تېپىلماس بىر زەدەك.
ئەمچىكى بولغاي ئانىڭ چەنتازىدەك،
كۈن ئالالماي كىشىگە بولغاي دېدەك.
ئاغزىدا نەم قالمىغاي يۈزمىڭ قورۇق،
بولغۇسى كونا غارالدەك بىر ئۇرۇق.
ھېچ كىشى ئۈز زوقىدىن ئالماس قىزىپ،
سۆڭگەچلىرىنىڭ گۆشلىرى كەتكەي سىزىپ.

## چىن دوستلۇق بىلەن يالغان دوستلۇقنىڭ نەزمىسى

ئون ئىككىنچى بابتا دوستلۇقنىڭ بايانى بار،
دوستلۇقنى پەقەت قىلماس پەنلەشنىڭ خىيالى بار.
ئەجەب زامانە بولۇپتۇر ئادەم ئەۋلادى،
دۆلىتىدە دوستلۇقى كۆپدۇر دىلىدا يوق فادى.
جاھاننى تەجرىبە قىلدىم ئۇلۇغ قېرىنداشىم،
ۋاپاسى يوق بۇ جاھاندىن تۆكۈلدىلەر ياشىم.
جاھاندا ئۈچ نېمە يوقتۇر كۆپ تېپىلمىغاي ھەرگىز،
بىرىنچىسى ياخشى بۇرادەر كۆپ تېپىلمىغاي ھەرگىز.
ئاغزىدا مەن ساڭا دوست دەر تىلى ئەجەب ياغلاش،
ئانىڭدىن زەررىچە يوقتۇر دىلىدا يوق ئىخلاس.
جاھاندا تاپقىلى بولغاي گۆھەر بىلەن مارجان،
تېپىلمىغاي بۇ جاھاندا يار ئاشنا ۋايجان.
مۇناپىقانە بولۇپتۇر جاھان تولاراقى،
تېشىدا تونلەرى ئاقىدۇر دىلىدا يوق ئاقى.
جۇمەدە كۆرۈشكەيمىز ھەپتە كەلسە ئاغىنە،
دەستۇرخاندا ئولتۇرساق خۇشمۇ ياخشى ئاغىنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەپ ـ ئىچەر زاماندا ئاشنا بولادۇرمىز،
گەر تېپىلسا بىر پۇرسەت، يارنى بولاردۇرمىز.
ئاش يېگەندە ئاغىنە، يەتسە ناگىھان تەڭلىك،
ئاش يېگەن بۇرادەرلەر خوش بولۇر قىزىل رەڭلىك.
ئاش يېگەن زاماندا مەن ساڭا دېگەي ھامى،
كەلسە ناگىھان يايى، ئارقىغا قاچار ئامى.
بەدبىيان ئىچەر بولسا سىزنى ئىزدىگەي يارىم،
شىرە چاي ئىچەر بولسا دەر، بولسا نېمە كارىم.
مانا شۇ بۇرادەرلەر دۇنيادا ئەقىداتلار،
ھەقنى دەپ تۇرۇك يارىم كۆپ كېلۇر خىراجاتلار.
كىشى بىرۇرمۇ ساڭا رىزقىنى ئەيا تالىپ،
ئەجەب نەپەسكى بالاخور ساڭا ئىكەن غالىب.
كىشىدىن تەمەئى قىلما ئەسقەرى سۇپۇرگە ئاخۇن،
رىزقىڭنى رەھمانىم ھەرقاچان بىرۇر ئاۋۇن.
ساڭا قورساقنى بېرىپتۇر خۇدايى رەھمانانىڭ،
كېيىن قالۇرمۇ يېمەكدىن سېنىڭكى ئاش ـ نانىڭ.
جوھۇدنى ئايرىمادى رىزقىدىن خۇدا ھەردەم،
مۇئمىن مۇسۇلمانغا كىم بولۇر موزىرقۇ يەم.
كىچىك بالىنى قورساقىدا كۆتۈرسە مەزلۇم،
ئانىڭكى بۆشۈكىنى ئۇل خۇدا قىلۇر مەئلۇم.
ئەزەلدە بىزگە بىرۇر رىزقىنى ياراتتى خۇدا،
قايانغا بارسا بۇ ئادەم بولۇرمۇ رىزقى جۇدا.
قولۇڭغا كەلسە غەنىمەت بىلىپ، يەپ ئالسەن ئاكا،
بۇگۈننى ئەتگە قويما كېتەر بۇرەنج باكا.
زامانە خەلقىغە قاراپ ئاشىڭ كېيىن قالغاي،
بۇ كۈننى بىلسە غەنىمەت ھاياتنى شول ئالغاي.
زامانە كىشى ئەگەرچە قىلۇر ساڭا بەك ئەيىب،
مۇنى ئىشتمە بۇرادەر بولۇر تېخى لەك ئەيىب.
خۇدانى ھەر نېمە دەيدۇ زامانە ئەھلى شۇ،
سېنى نچۇك دېمەسۇنلەر تۇغۇلماشىڭ بىر سۇ.
كۆڭۈل خۇدا بىلە بولغىل ساڭا خۇدا يارى،
ئىشىڭنى تەڭرىگە تاپشۇر ئۆزى مەدەتكارى.
زامانە كىشىدىن ئۆزگىل كۆڭۈلنى ئەي تالىپ،
خىجالەت بولما خۇدانىڭ ھوزۇرىدىن قالىپ.
ھوزۇرى دىل بىلە ھەركىم بولۇر خاراباتى،
تەندە بولسامۇ ۋەيران، دىلى ئىماراتى.
سۆزلىگىل سۇپۇرگە ئاخۇن مېھرىنىڭ بۇيى كېلەدۇر،
سۆزلىرىڭ ئارىسىدىن ئىشقىنىڭ بۇيى كېلەدۇر.
ھەق ئۈچۈن ئاداش بولغان ئەھلى مەرىپەت بارمۇ،
بىر ـ بىرىگە كۆيمەكدە ئىشقىدىن سۆھبەت بارمۇ.

ئىشقىسىز قارا دىللار ھەق ئۈچۈن ئاداش بولماس،
ئىشقىسىز كۆڭۈللەرگە مەرىپەت ئوتى تولماس.
بۇ جاھاندا سۇلتان كىم دىلى كاۋاپ مىسالىلىك قول،
بولسا گادايزادە تەنلىرىدە بىر قات جۇل.
ئەھلى زاھىرى بىلمەس، ئىشقى بولسا بىر گۆھەر،
قەدرىنى بىلمەسلىككە لازىم بولدى بىر زەرگەر.
مەرىپەت بازارىدا ئىشقىدىن دوكان ئاچتى،
كىم شىكەستە، دىلى بولسا ئىشقىدىن گۆھەر ساچتى.
ئەھلى تەن بازارىدا پۇل بىلەن بولۇر جۇدا،
ئەھلى دىل بازارىدا مەرىپەت بىلەن سودا.
كىم يوغان قىلۇر گەپنى ئەھلى تەن ئانى چوڭ دەر،
كىم ئۆزىنى خار تۇتسا ئەھلى دىل ئانى ئۇلۇغ دەر.
ئەھلى تەن ئاراسىدا تون بىلەن بولۇر ئىززەت،
مورى ھەق تونى جۇلدۇر، سەندىن تاپار لەززەت.
بارچە نەرسە سىنىغاندا نەرخى پەسلىنىپ كەتكەي،
دىلنى سۇندۇرۇپ ساتقىل ئۆز كامالىغا يەتكەي.
سىنمىغان پۈتۈن چىنىنى ئوغرى كىرسەلەر ئالغاي،
پارچە - پارچە بولغان چىن ئۆز ماكانىدا قالغاي.
تەن پەرەست جاما قىلۇر كۆڭۈلنى پۈتۈن تۇتقاي،
كەلسە بىر كۈنى شەيتان ھەممىنى پۈتۈن يۇتقاي.
دىلنىڭ ئوغرىسى شەيتان ھەممە ۋاقتا ھازىر بول،
زىكىر ھەق بىلەن، شەيتان ئوغرىلارغا نازىر بول.
شىكەستە دىل بىلەن ھەر كىم خۇدانى ياد ئەيلەر،
ئۇ شول كىشىنى خۇدا ھەممە ۋاقتا شاد ئەيلەر.
تەڭرىمىز پۈتۈنلەيدۇ كىمكى دىلنى سۇندۇرسا،
ئىشقىنىڭ ھوسۇلى كۆپ كىمكى دىلنى ئۇندۇرسە.
ئۇستالار دۇكانىدا كۆرمۇدۇڭمۇ ئاتەشنى،
مۇم سۈپەت قىلۇر ئۇستا يۇمشاتىپ تۆمۈر تاشنى.
كۆرسىڭىز بۇ ئاشىق زاھىرى كۆمۈرچىدۇر،
ئىشقىنىڭ دۇكانىدا شۇ كىشى تۆمۈرچىدۇر.
بازغانى ئانىڭ شەرئى، سەندەلى تەرىقەتدۇر،
مەرىپەت ئۆزى ئوتدۇر، قۇچلىرى ھەقىقەتدۇر.
بۇ تۆمۈرچىلەر كىمدۇر، يولغا سالغۇچى پىرلەر،
زىكرىدىن كوراك باسۇر ھەق يولىداكى شىرلار.
بۇ سۈپەت كىشى بولمىسا تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ شىرى،
بىرەدۇر ئۇ شول جانغا بولسالار ئۇلۇغ پىرى.
قولغا كەلسە مۇنداغ پىر خىزمەتىنى قىل دائىم،
تاشلىما ئۇ شول پىرنى ئەيتىبان نە پەرۋايىم.
تات بولۇپ كېتىپتۇر دىلى ئاستانىدە سەن يۇ،
ئۇخلىماي دىگىل دائىم لائىلاھە ئىللەللاھۇ.

ئۆزۈڭنى مۇردە قىلىپ يۇم كۆزۈڭنى ئاچما قىل،
مۇنكىر ـ نىكىر كەلسە يۇم كۆزۈڭنى قاچماقىل.
مۇنچە رىيازەتنى گەر كۆتۈرمىسە ئىنسان،
ئىشقىنىڭ خۇمارىدا قايسىدۇر قېنى ئېهسان.
هەر كىشى ئۇلۇغ پىرنىڭ كەپسىنى چۆرگىلىدى،
خانە كەئبەتىللانى شول زاماندا چۆرگىلىدى.
ئىشقى زەمىرىدىن هەر كىم بىر پىيامى مەي ئىچكەي،
جىملە ماسىۋى ئاللانى ئارقىغە ئېتىپ كەچكەي.
ئىشقىنى ئەزەل كۈندە جان بىلەن يۇغۇرسا خۇدا،
كەلسەمۇ بۇ دۇنياغا ئىشقىدىن بولۇرمۇ جۇدا.
تانۇغايمۇ گۆهەرنى كۆزدە بولمىسا نۇرى،
تەن پەرەست هاماقەتلەر دىللىرى قارا مورى.
مۇردە هەقنى بىلگەيمۇ ئەقلى يوق قاراڭغۇ كىجا،
دىل كۆزى تۇتۇلغاندا ياخشىدىن نېرىغا قاچا.
هەممەنىڭ باشى ئۈستۈن يەردە ماڭسا ئوخشاشمۇ،
بىر قازان غىزاسىنىڭ هەممەسى تامام ئوخشاشمۇ.
مۇردە هەق دېگەن گۆهەر، قىلماغىل ئاڭا ئەيىبنى،
سىرىغا خۇدايى ئالەم بىلگۈچى يوغان غايىبنى.
كى، هوشيار بۇرادەرلەر سوزلەرىمگە ئەسلى بار،
ئاقىل تەپەككۇر قىل بى ئەقىلغا پەسى بار.
ئۇشبۇ كۈندە ئىشانلار كەنتلەر كەناردا،
تەلمۈرۈپ يۈرەر بولدى ئاش ـنان خۇماردا.
بولماغىل مۇرد هەرگىز شەرئى تۇتمىغان پىرغا،
كەلمەگىل يېقىن هەرگىز بۇ هەلەق نجىس كىرغا.
بۇ زاماندا ئىشانلار ئاش ـ نانغا خىزمەتكار،
سۈرىتى ئانىڭ مۇرشىد، مۇردلىقىغا پۇرسەت بار.
شەكەرى هەق زۇبانىمغا هەر زاماندا جار بولسۇن،
پىكرى هەق خىيالىمغا هەممە ۋاقىت يار بولسۇن.
ئوقۇغان بۇرادەردىن فاتىهە ئۈمىدىم بار،
ئاڭلاغان جامائەتدىن هەم يانا ئۈمىدىم بار.
سورىسا كىشى تارىخ بۇ كەمىنە ئەسقەردىن،
كى، ئاڭا جاۋاب ئەيتاي هەرپ نۇقتە ئەختەردىن.
يەنە بىر جاۋاب ئۇلدۇر، بۇ كىتابى دۇر ئەمامى،
سائىدۇر شىشتادۇ يەكهىندارى تارىخى.
تۈركىيلەر سوئال سورىسا تۈركچە جاۋاب بولغاي،
ئۈچ يۈزۈ يەنە ئاتمىش مىڭ بىلەن تامام بولغاي.
ئەسقەرى سۆپۈرگەئاخۇن سۆزلەرىنىڭ تامام بولسۇن،
زىكرى هەق بىلەن دائىم خاتىرىڭ ئارام بولسۇن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: *نىزامىددىن توختى*
تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

1997 ـ يىل قەدىمىي يۇرت خوتەندە ياشاۋاتقان يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى گۈللەپ ياشنىغان، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر يىل بولدى. بۇ يىلدا تۆۋەندىكى ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرى ھەر قايسى نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى:

▲ئىقتىدارلىق يازغۇچى، ژۇرنالىست مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە يازغان ئەسەرلىرىدىن تاللانغان يەنە بىر خۇشپۇراق گۈل ــ «شېھىت» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن‌نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن «شېھىت» ناملىق پوۋېستى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت تەۋەسىدە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن «ئارخېمىدىنىڭ پىشانىسى»، «قاتىل»، «تىك ئۇچاردا كەلسەڭلار»، «ياخشىلار ھامان كەچۈرىدۇ» قاتارلىق بىر نەچچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئىستىداتىنى نامايان قىلىدۇ. كەڭ كىتابخانلارنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ ۋە ئويغا سالىدۇ. ئۇلارغا چەكسىز ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ ئىلگىرىمۇ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «پال قاپىقىنىڭ سىرى»، «كانچىنىڭ ئوغلى»، «غېرىپ ـ سەنەم» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى.

▲ياش شائىر ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىرنىڭ «سۆيگۈ چۇقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەر بىر كىتابخاننى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى، تۇنجى سۆيگۈسى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلاردا مول تەسەۋۋۇر، كۈچلۈك ھېسسىيات ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ.

▲ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان شائىرلاردىن ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر بىلەن ئەركىن داۋۇتنىڭ يېڭىدىن يازغان لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «ئويناق كۆزلەر» ناملىق كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ توپلامغا بۇ ئىككى شائىرنىڭ قەلىمى پىشقان، بەلگىلىك ئىجادىيەت خاسلىقى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا يازغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۆز ئاپتورلىرى ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە

ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم كەڭ كىتابخانلارغا زور ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

▲ كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ساھىبخانلىقى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1998 ـ يىللىق نورۇز بايرىمى قەدىمىي يۇرت كېرىيەدە 22 ـ مارت كۈنى تەبرىكلەندى. بۇ پائالىيەتكە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى ـ شائىرلار، كېرىيە ناھىيىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. پائالىيەت داۋامىدا نورۇزغا بېغىشلانغان ئەلنەغمە نومۇرلىرى، سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلاندى. 20 نەپەر يازغۇچى ـ شائىر نورۇزغا ئاتاپ يازغان شېئىر ـ نەسرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

مالىيىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەنئەنىۋى بايرام «نورۇز» نى تەبرىكلەش «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىلىدىن بۇيان ھەر يىلى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ كېلىۋاتقان پائالىيىتى بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى.

▲ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈم ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى تەشكىللەپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەشكىللىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلماقتا. بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئەزا سانى 100 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆت ناھىيىدە يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈچ ئورۇندا ئىجادىيەت ئۆيۈشمىسى قۇرۇلدى. ھازىر ۋىلايەت مىقياسىدا قەلىمى پىشقان، بەلگىلىك ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە يازغۇچى ـ شائىرلار سانى 200 دىن ئېشىپ كەتتى.

▲ يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە خوتەن يازغۇچىلىرى ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، پوۋېست ئىجادىيىتىدە مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈردى. مەتقاسىم ئابدۇراخمان «شېھىت» («يېڭى قاشتېشى»)، «ھىجران دېغى» («قەشقەر ئەدەبىياتى»)، نۇرمۇھەممەت توختى «قارلىغاچ ئۇۋىلىغان پېشايۋان» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»)، تۇرسۇنجان مۇھەممەت «كوھىقاپتىكى تەبەسسۇم» («تارىم»)، «قاينام» («تارىم»)، «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى» («يېڭى قاشتېشى»)، مەتسېلىم مەتقاسىم «باھار يەنە كېلىدۇ» («تارىم»)، «مەڭگۈلۈك ناخشا» («تارىم»)، ئابدۇلئەھەد قادىرى «ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم» («يېڭى قاشتېشى»)، داۋۇت مەتنىياز «تارچۇق يول» («تارىم») قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن «شېھىت»، «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى»، «باھار يەنە كېلىدۇ» قاتارلىق ئۈچ پوۋېست ئاپتونوم رايون بويىچە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

*(تۇرسۇنجان مۇھەممەت تەييارلىغان)*

تۆھپىسى بارلار ئەتىۋارلان-
دى.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇللا مەخسۇت ئىجادىيەتتە تۆھپىسى بار پېشقەدەم ئاپتورلارغا تون كىيگۈزمەكتە.





ھەر يىلى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى.

رەڭگارەڭ جۇلالىغان «يې-
ڭى قاشتېشى».





ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ئاپتورلارنى كۆپ قېتىم تاغ - يېزىلارغا، زاۋۇت - كانلارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

سۈرەتتە: ئاپتورلار خوتەن گىلەمچى-
لىك كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.



سەيلە

مەتتۇرسۇن ئەستۇللا فوتوسى


# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى
# NEW JADE LITERATURE

一九九八年 (双月刊)
编 辑:《新 玉 文 艺》编 辑 部
出 版:和 田 行 署 文 化 处
喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印
发 行:和 田 地 区 邮 电 局
订 阅:全 国 各 地 邮 电 局
印 张:787×1092,1/16,6.125 张
国 内 外 统 一 刊 号:
ISSN1002—929X CN65—1088/1
代号:58—26

1998 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092 × 787مم ، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:1.60元,电话:2023792 باھاسى: 1.60 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: